بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كىتابنىڭ باسما چىقىملىرى 2018 – يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇسەمەت مەخسۇمنىڭ ئائىلە – تاۋابىئاتى تەرىپىدىن مەرھۇمنىڭ ھەققىدە سەدىقە قىلىندى. جانابى ئاللاھتىن ئىلىم تارقىتىش ئۈچۈن سېلىنغان بۇ مۇبارەك سەرمايىنى مەرھۇم ئۈچۈن قىيامەت كۈنىگە قەدەر سەدىقە جارىيە قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

مارى لېيۇنھارت

# قەلەم سۆيگۈسى

## باللارنى قەلەمخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ 99 ئۇسۇلى

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇسەمەت

# Kalem Sevgisi: Çocuklara Yazmayı Sevdirmenin 99 Yolu

# قەلەم سۆيگۈسى

## بالىلارنى قەلەمخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ 99 ئۇسۇلى

ئاپتورى: مارى لېيۇنھارت


Tercüme: **Abdusemed** | تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇسەمەت**

Editör: **Muhammed BİŞARET** | تەھرىرلىگۈچى: **مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت**

Yayıncı: **Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi** | نەشر قىلغۇچى ئورۇن: **قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**

Kapak ve Sayfa Tasarımı: **Ufuk Tasarım** | مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: **ئۇپۇق ئېلان-لايىھەچىلىكى**

Yayın Adresi: Maltepe Mah. Davutpaşa cad. Güven İş Merkezi
C Blok No: 83 / 3 İç Kapı No: 264 Zeytinburnu İstanbul

2024-يىلى 1-ئاي، 1-نەشرى



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە.
ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ بۇ ئەسەرنى مەركىزىمىزنىڭ يازما رۇخسىتىنى
ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.



karahanilarbiz@gmail.com



Karahanlılar İslam Araştırma Merkezi
قاراخانىيلار ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

# مۇندەرىجە


بېغىشلىما ........................................................................1

ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى ...................................................5

بالىلارنى قەلەمخۇمار قىلىپ تەربىيەلەش نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ ..........................................................................8

ئەڭ مۇھىم ئون خىل ئۇسۇل ..............................................17

ئوقۇش يېشىغا توشمىغان بالىلار ......................................27

باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار..................................37

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار .............................53

يېزىقچىلىق سۈپىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىش - پائالىيەتلەر......57

مەكتەپ تاللىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار .....63

يېزىقچىلىقتا قىينىلىدىغان بالىلار ....................................71

ماھىر ۋە ئىجادىي يازغۇچى بالا ..........................................79

خاتىمە ..............................................................................91

بسم الله الرحمن الرحيم

# بېغىشلىما

تۇركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھەرقايسى ياۋروپا دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار يات ئەللەردىكى مۇھاجىرەت ھاياتىنى باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئەللەردىكى يەرلىك خەلقلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، ئانا تىلىدىن بارا - بارا ئۇزاقلىشىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ياش ئەۋلادلىرى ئانا تىلىنى تامامەن ئۇنتۇدى ياكى ئۇنتۇمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، تۇرمۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان 40 - 50 تال سۆزدىن باشقىنى بىلمەيدىغان، ساپ ئانا تىلىدا سۆزلىيەلمەيدىغان، ئىككى ئىلىك ئۇيغۇرچە خەتنى ئوقۇشاپ يازالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ھېچقانداق تەدبىر قوللىنىلماي، بېپەرۋالىق بىلەن، مۇشۇنداقلا داۋاملىشىۋېرىدىغان بولسا، ئۇزۇنغا قالماي ئۇيغۇرچە سۆزلىيەلەيدىغان، ئۇيغۇرچە يازالايدىغان نەسىلدىن سۆز ئېچىش تەس بولۇپ قالىدۇ. بۇ، بىزدەك شانلىق تارىخقا ئىگە بىر مىللەت ئۈچۈن كۆتۈرەلمەيدىغان نومۇس، ئېغىر جىنايەت، تارىخىي خىيانەت، قورقۇنچلۇق پاجىئەدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھالبۇكى، يېزىق مەدەنىيىتى بىر مىللەتنىڭ جان تومۇرى، بىباھا بايلىقى، مەڭگۈلۈك ئېپتىخارىدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ يېزىق شەكلىدە ئىنسانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى، ھەدىسلەرنىڭ خاتىرىلىنىشى، مىليونلىغان ئىسلامىي ئەسەرلەرنىڭ كۈنىمىزگە قەدەر يېتىپ كېلىشى، ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزدىن مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ

خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە پۈتمەس - تۈگىمەس شان - شەرەپ ۋە مەنپەئەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق ئىشلار يېزىقچىلىقنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك، ئۆلمەس خىزمەت ئىكەنلىكىنىڭ دىنىي ۋە مىللىي تارىخىمىزدىكى جانلىق پاكىتلىرىدۇر.

شۇنىڭدەك، مۇقەددەس قۇرئان كەرىمدىكى 114 سۈرىدىن بىرىنىڭ «قەلەم» نامى بىلەن ئاتىلىپ، «قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى...» دەپ باشلانغانلىقى؛ ئەلەق سۈرىسىنىڭ بېشىدىلا ئاللاھ تائالا: «ياراتقان رەببىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەننى بىلدۈردى» دېيىش ئارقىلىق ئوقۇشقا بۇيرۇپ، يېزىشنى ئىنسانغا بېرىلگەن كاتتا نېمەت سانىغانلىقمۇ ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ھەم شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنى قوغداش ۋە تارقىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ھاسىلكالام، ئوقۇش ۋە يېزىش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئىسلام مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆتمۈشنى كەلگۈسىگە ئۇلاش، ئېتىقاد، پىكىر، ئىش - ھەرىكەت ۋە ئەدەپ - ئەخلاق قاتارلىق ساھەلەرنى ئىسلاھ قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مانا مۇشۇلارنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنى ۋە مىللىتى ئۈچۈن قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىشنى نىشان قىلغان «ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى» يېقىندا تېلېفون، تېلېۋىزور ۋە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلارغا ئەسىر بولۇپ، كىتابتىن، بىلىمدىن ۋە ئانا تىلىدىن ئۇزاقلىشىۋاتقان ئەۋلادلىرىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرىدىغان، كىتابنى سۆيدۈرىدىغان 99 ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «كىتاب

سۆيگۈسى» ناملىق بىر كىتابنى نەشر قىلىپ كەڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ئىدى. بۇ قېتىم يەنە ئەۋلادلىرىمىزنى قەلەم تۇتۇشقا قىزىقتۇرىدىغان، كەلگۈسىنىڭ يارامىلىق قەلەمكەشلىرىدىن بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان 99 ئۇسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قەلەم سۆيگۈسى» ناملىق بۇ كىتابنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى.

بۇ كىتابلارنىڭ بالىلارنى كىتاب ئوقۇشقا ۋە يېزىقچىلىققا قىزىقتۇرۇش رولى ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن كەڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز.

ھۆرمەت بىلەن: مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

# ئاپتورنىڭ كىرىش سۆزى

كۆپ يىللاردىن بۇيان، مەن قانداق قىلغاندا بالىلارنى كىتابخۇمار قىلىپ تەربىيەلىگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. ئاخىرىدا، ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمگە ئاساسەن «بالىلارنى كىتابخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ 99 ئۇسۇلى» (99 ways to get kids to love writing) ناملىق كىتابىمنى يېزىپ چىقتىم ۋە مەزكۇر كىتابتا بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختالدىم.

ئۇنىڭدىن كېيىن، مەن يەنە نۇرغۇن يىل سەرپ قىلىپ، قانداق قىلغاندا بالىلارنى قەلەمخۇمار (يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان) قىلىپ تەربىيەلىگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپ ئىزدەندىم. گەرچە مەن ئۆزۈمنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىمدا دائىم ئوقۇغۇچىلارغا قىزىقارلىق ۋە ئىجادىي تېمىلار بويىچە ئەسەر يېزىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارساممۇ، لېكىن مەن كۆپىنچە ۋاقىتلاردا يېزىقچىلىقنى يەنىلا كونا ئۇسۇل بويىچە ئۆگىتىمەن. بەزىدە ئۇلارغا: «بۇ روماندا يورۇتماقچى بولغان مەركىزى ئىدىيە توغرىسىدا بىر پارچە ماقالە يېزىڭ» دېسەم، يەنە بەزىدە ئۇلاردىن: «ئەسەردە قايسى خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەر قوللىنىلغان، ئۇلار قايسىلار؟» دەپ سورايمەن.

بۇ ۋاقىتتا، بەزى ئوقۇغۇچىلار يازغان ماقالىسىدە مەزكۇر روماننىڭ مەركىزى ئىدىيەسىنى شۇنچىلىك ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئېپادىلەپ بېرىدۇكى، باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ يازمىلىرىدا بۇ خىل بەدىئىيلىك ۋە خاسلىقنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئەجەبا، ئۇلار بۇنداق يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى

قانداق يېتىلدۈرگەندۇ؟

ئۇلار ماڭا ئۆز سىرىنى ئېيتىپ بەردى. خۇددى سەۋىيەسى يۇقىرى، سۆز - جۈملىلىرى مۇرەككەپ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان بالىلار ئادەتتىكى ھەرقانداق ئەسەرلەرنى ئوقۇيالىغانغا ئوخشاش، ئەڭ ياخشى يازغۇچىلارنىڭمۇ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن تاۋلىنىش ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش جەريانى بولىدۇ ھەمدە ئۇلار يېزىقچىلىقتىن ھۇزۇر ۋە خۇشاللىق تاپىدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلىق چاغلىرى باشقىلارغا ئاشكارىلىمىغان نۇرغۇنلىغان كۈندىلىك خاتىرىلەر، شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكەن بولىدۇ. ئۇلار زېرىككەن ۋە يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىدىكى مەلۇم بىر ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىپ يېزىش ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىنى راھەتلەندۈرىدۇ ۋە بۇنىڭدىن ھۇزۇر ئالىدۇ. ئۇلار ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا بىر نەرسە يېزىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان. بۇ خىل بالىلار مېنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىمدىكى يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقلىرىدا باشقا ساۋاقداشلىرىدىن بىرنەچچە يىللىق يۇقىرى سەۋىيەدە تۇرىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتابنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى ئوقۇغۇچىلىرىم ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قىزغىنلىقىنى قانداق يېتىلدۈرگەنلىكى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەن ئۇسۇللاردىن ئىبارەتتۇر. مەن ئېرىشكەن يېڭى مەلۇماتقا ئاساسەن، مېنىڭ «بالىلارنى قەلەمخۇمار قىلىپ تەربىيەلەش»تىكى قوللىنىدىغان ئۇسۇللىرىم باشقىلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسۇللىرىدىن خېلىلا پەرقلىق دېيىشكە بولىدۇ. مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم ھەرخىل ئىلمىي ماقالە ۋە تەتقىقات ماقالىلىرىنى يېزىشتا ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى يېزىقچىلىقتىن باشقا، يەنە نۇرغۇن مۇستەقىل ۋە ئىجادىي يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىنى قوللانماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ۋاقتىمنى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغان 28 يىلدىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى تەربىيە ئۇسۇللىرىغا ئىگە بولغان ئەھمىيەتلىك ۋاقتىم دەپ ئېيتالايمەن.

باللار يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرسە قالسا، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىدۇ. مەن بىر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇشتىن سىرت يەنە، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ «باللارنى قەلەمخۇمار (يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان) قىلىپ تەربىيەلەش ئۇسۇللىرى» ۋە بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى تەجرىبىلىرىمنى سىلەرگە سۇنۇشنى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش دەپ قارىدىم. ئۇنداقتا، قېنى! كىتابقا مەرھەمەت.

ـ مارى لىيۇنهارت




## باللارنى قەلەمخۇمار قىلىپ تەربىيەلەش نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟

(1) ھەرقانداق بىر ساھەگە بولغان قىزغىنلىق ـ شۇ ساھەدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ، يېزىقچىلىقمۇ ھەم شۇنداق.

ئادەتتە، ھەممىمىز بالىمىزنىڭ ئۆگىنىشتە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپچان بولۇشىنى تەكىتلەيمىز، لېكىن بۇ خىل مەجبۇرلاش ئۇسۇلى بالىنىڭ قىزغىنلىقىنى يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن. بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ سىرتتا باشقىلار بىلەن توپ ئوينىغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرلىشى سەۋەبلىك ئۆيدە پەرىشان ھالدا ماقالە يېزىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇددى تەربىيەدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندەك رازىمەنلىك، خۇشاللىق ۋە ئۆز - ئۆزىدىن قانائەتلىنىش تۇيغۇسىدا بولىدۇ.

لېكىن، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. خۇددى مۇسابىقىدىن بىزار بولغان ۋە قورققاق توپچىلاردىن تەشكىللەنگەن كوماندىنىڭ غەلىبە قىلىش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك بولغانغا ئوخشاش،

يېزىقچىلىقتىن بىزار بولغان ۋە ئاتا - ئانىسىدىن قورقۇپ تۇرۇپ بىر نەرسە يېزىشقا مەجبۇر بولغان بالىلارنىڭمۇ ياخشى ماقالە پۈتتۈرۈپ چىقىش پۇرسىتى يوق دېيەرلىك بولىدۇ.

(2) پەقەت قەلەمخۇمار بالىلارلا دائىم كۆڭۈل قويۇپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە مۇنەۋۋەر يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقالايدۇ.

بەزى ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تەخمىنەن 150 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بولىدۇ، شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھەر كۈنى دەرس تەييارلاش ئۈچۈن ئاران ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىت چىقىرالايدۇ. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 بالىغا دەرس ئۆتىدۇ، لېكىن بۇلارنىڭ دەرسكە تەييارلىق قىلىش ۋاقتى تېخىمۇ ئاز بولۇپ، بەزى مەكتەپلەردە بىر ئوقۇتقۇچى ئوخشاش بولمىغان تۆت - بەش خىل دەرس ئۆتىدۇ.

بۇ ئەھۋال كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە يېزىقچىلىق قىلىش پۇرسىتىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بىر پارچە ماقالىگە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈپ باھا يېزىشى ئۈچۈن ئاز دېگەندە 10 مىنۇتتىن 15 مىنۇتقىچە ۋاقىت كېتىدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 150 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار بىر ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ماقالىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقىشى ئۈچۈن تەخمىنەن 30 سائەت ۋاقىت كېتىدۇ. ھالبۇكى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇنداق كۆپ ۋاقتى يوق.

مەكتەپتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ۋاقىت چىقىرىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارلا تېز مۇددەتتە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى ئاشۇرالايدۇ، چۈنكى باشقا ساۋاقداشلىرى ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنى ئويۇن ئويناش ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايە قىلىۋەتكەن بولسا، بۇلار بۇ ۋاقىتلارنى قەدىرلەپ يېزىقچىلىقنى مەشىق قىلغان.

ئەگەر بىز كۆزگە كۆرۈنگەن چويلا توپ تەنھەركەتچىلىرىنى يېتىشتۈرمەكچى بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارنى ھەر ئۈچ - تۆت ھەپتىدە ئاران بىر - ئىككى سائەت مەشىق قىلغىلى ئېلىپ چىقساق، بىز ئارزۇ قىلغاندەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيمىزمۇ؟ بۇ بىر ئەخمەقلىق، شۇنداققۇ؟! مەكتەپتىكى يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقىمۇ ئەنە شۇنداق بولىدۇ.

(3) پەقەت قەلەمخۇمار ۋە يېزىقچىلىقتا ئاكتىپ ئوقۇغۇچىلارلا يازغۇچىلىق قابىلىيىتىنى ۋە شەخسىي ئۇسلۇبىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

بۇگۈنكى كۈندە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى تولىمۇ تېتىقسىز، ھېچبىر خاسلىقى يوق ۋە مەنپەئەتسىز ئەسەرلەر قاپلاپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، تونۇلغان ۋە ھەقىقىي ئىخلاسمەن يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بولىدۇ، يەنى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ ياكى يامان ئەخلاق ۋە يامان ئىشلارنى تەنقىدلەپ، كىشىلەرنى توغرىغا يېتەكلەيدۇ ۋە ياكى يازمىلىرى كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق ۋە راھەت تۇيغۇ بېرىدۇ. مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى خاسلىققا ئىگە يازغۇچىلاردۇر، ئەگەر ئۇلار ئۆزىنىڭ مەكتەپ ھاياتىدا پەقەت تاپشۇرۇق بېرىلگەن ماقالىلەر بىلەنلا كۇپايىلەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى خەلق تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلمىگەن ھەمدە ئالاھىدە تىل ئۇسلۇبى، يېڭىچە كۆز قاراش ۋە خاسلىققا ئىگە بولالمىغان بولاتتى.

(4) پەقەت قەلەمخۇمار بالىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىلا ئۆتكۈر پىكىر، نەزەر دائىرىسى كەڭرى بولغان ئىدىيە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

كۆپ قىسىم ئىمتىھانلارنىڭ مەلۇم قاراتمىلىقى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلار مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ياكى زېھنىنى مۇھىم نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈشنى ئۆگىنەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ دەل ھەربىر خىزمەت ساھەسىنىڭ ئاساسىي تەلىپى. مەسىلەن، سىز بىر يېڭى تۈر پىلانىنى ئېلىپ خوجايىنىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىڭىزدە، ئۇ: «قارىسام، سىز ئوتتۇرىغا

قويغان <ئا> تۇرنىڭ خەتىرى باركەن، لېكىن پايدىسى ئېشىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟ <ب> تۇر بىخەتەركەن، ئەمما زور مىقداردا مەبلەغ سېلىش كېرەكمۇ قانداق؟ <س> تۇر بىرئاز بىخەتەر كۆرۈنىدۇ، ئەگەر سېتىش سوممىسى...» دەپ ئولتۇرمايدۇ. بەلكى خوجايىنىڭىز: «ماڭا بۇ تۇرنىڭ ئەھۋالىنى ئېيتىپ بېرىڭ، بىز نېمىشقا ئۇنى ئىشلىتىمىز؟» دەيدۇ. ئەگەر كىچىكىدىن تارتىپ نەچچە مىڭ سائەت ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ھەر خىل ماقالىلەردە ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى مەركەزلىك ئىپادىلەشنى مەشىق قىلىپ يېتىلگەن بالا بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئېنىق، كۈچلۈك ۋە ئەڭ يىغىنچاق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، پىكرى چېچىلاڭغۇ، مەزمۇنلىرى پايدىسىز بولغان ئىلمىي ماقالىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنى يازغۇچىلار بەلكىم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈۋېلىش ياكى ھېچكىم تونۇمايدىغان ژۇرناللارنىڭ قەلەم ھەققىنى ئېلىپ خەجلەش ئۈچۈن يازغان بولۇشى مۇمكىن. ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈندە جانلىق، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، مۇھىم نۇقتىسى گەۋدىلىك ماقالىلەر ئىلىم - پەن ساھەسىدە كۆپ ئۇچرىمايدىغان بولۇپ قالدى.

(5) باللار دائىم ئەركىن يېزىقچىلىق (ياكى كىتاب ئوقۇش) بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ نۇتقىدا ياكى يازغان ئەسەرلىرىدە مۇرەككەپ ۋە گىراماتىكا قۇرۇلمىسى توغرا بولغان جۈملىلەرنى راۋان ئىپادىلىيەلەيدۇ.

مەسىلەن، مۇنداق بىر ئىشنى سىناپ بېقىڭ: ئۈچ ياشلىق بالىدىن بىرىگە: «ئەگەر مېنىڭ كۆپ پۇلۇم بولغان بولسا، سىزگە قۇياش ۋە ئاينى ئېلىپ بېرەتتىم» دېگەن جۈملىنى بىر خەتنىمۇ قالدۇرماي ئەينەن بايان قىلىشنى ئېيتىڭ. مەن ئىشىنىمەنكى، ئۇ پەقەت «مېنىڭ پۇلۇم كۆپ، مەن سىزگە قۇياش ۋە ئاي ئېلىپ بېرىمەن» دېگەندەك گەپلەرنى ئاران قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ سۆزىدە بېقىندى جۈملە

شەكىلنى ئىشلىتىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇ ئەينەن بايان قىلىپ بېرىشكە ئامالسىز.

ئوخشاشلا، بالىلارمۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانىدا نېمىنىڭ ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى، نېمىنىڭ سۈپەت خاراكتېرلىك سۆز بىرىكمىسى ۋە ياكى نېمىنىڭ تەڭداش قوشما جۈملە، نېمىنىڭ بېقىندىلىق قوشما جۈملە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈنلا، جۈملىلەردە ئۇلارنى ئىشلىتىشكە باشلىمايدۇ. بەلكى، ئۇلار كۆپ كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بۇ قابىلىيەتنى تەبىئىي هالدا يېتىلدۈرىدۇ. ئۇلار ھەرخىل سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملە قۇرۇلمىلىرىنى كۆپ كۆرۈش ۋە يېزىقچىلىقتا بىردىن - ئىككىدىن قوللىنىش ئارقىلىق ئاستا - ئاستا راۋان ھالەتتە ئىشلىتەلەيدىغان سەۋىيەگە يېتىدۇ. مەسىلەن، دەسلەپكى تۆۋەن سەۋىيەلىك ۋاقىتلىرىدا «ئۇ ئۇخلىيالمىدى، كارىۋاتتا يېتىپ خىيال سۈردى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىدى» دەپ ئىپادىلىگەن بولسا، يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەندىن كېيىن يۇقىرىقى ئوخشاش جۈملىنى «ئۇ گەرچە كارىۋاتتا يېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەي، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال سۈرەتتى» دەپ ئىپادىلەيدىغان بولىدۇ.

(6) قەلەمخۇمار بالىلار مەكتەپ تاپشۇرغان ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقى ۋە دوكلاتلارنى كەينىگە سۆرىمەيدۇ.

گەرچە بىر سىنىپتىكى بالىلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىدىكى ئىپادىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن دەرستە كەينىدە قالغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوخشاش بىر كەمچىلىكى بار: ئۇلار مەكتەپ تاپشۇرغان ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقىنى تاپشۇرمايدۇ ياكى كېچىكىپ تاپشۇرۇپ ئوقۇش نومۇرىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. لېكىن، قەلەمخۇمار ئوقۇغۇچىلار ئۆزىدىكى قابىلىيەتكە تايىنىپ، دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپلا بىرەر ماقالىنى خۇشاللىق ئىچىدە پۈتتۈرىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشىدۇ.

(7) يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلىدىغان بالىلارنىڭ ئوقۇپ چۈشىنىش ئىقتىدارىمۇ باشقىلاردىن ياخشى بولىدۇ.

كىتاب ئوقۇش بىلەن يېزىقچىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلاردا بىلىپ - بىلمەي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى شەكىللىنىدۇ - دە، بۇ قابىلىيەت تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىگە سىڭىپ كېتىدۇ. ھېكايە، شېئىر ۋە كۈندىلىك خاتىرە يازىدىغان بالىلار كىتاب ئوقۇغاندا باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ سەزگۈر ۋە كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ئاپتورنىڭ پورترېت تەسۋىرى بىلەن مۇھىت تەسۋىرىنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىگە، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى قانداق قوللانغانلىقىغا ۋە پېرسوناژلار ھېسسىياتىنى قانداق سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىگە دىققەت قىلىدۇ. بۇ خۇددى تەنتەربىيەگە قىزىقىدىغان كىشىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. پۇتبول ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان بىرەيلەن تېلېۋىزوردىكى بىۋاسىتە تارقىتىش مۇسابىقىسىنى قولدىن بەرمەي كۆرىدۇ، لېكىن ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بولسا ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلمايدۇ.

(8) يېزىقچىلىق (ياكى كىتاب ئوقۇش) نى ياخشى كۆرىدىغان بالىلار باشقا بارلىق پەنلەردىمۇ ئاسانلا ئەلا نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بالىلار توسقۇنلۇقىقا ئاسان بوي ئەگمەيدۇ، ئۇلار ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ شارائىتىنىڭ تەسىرىگە باشقىلارغا ئوخشاش ئاسان ئۇچراپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆز تۇرمۇشىدا بىرەر ئېغىر زەربىگە يولۇقمىسىلا، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىزچىل ھالدا ياخشى نەتىجىنى ساقلاپ ماڭىدۇ.

ئۆزى گەرچە ئىنتايىن تىرىشچان بولسىمۇ، ئەمما بوش ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇش ياكى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش

ئادىتىنى يېتىلدۈرمىگەن باللار دەرسلىرىنىڭ تەسلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئوقۇشتا قىيىنلىشقا باشلايدۇ، ھەتتا نەتىجىسىمۇ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار يۇقىرى سەۋىيەلىك كىتابلارنى ئوقۇش ۋە ماقالىلەرنى يېزىشقا سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپتىكى قىيىن دەرسلەرنى چۈشىنىشكە زېھنى ئاجىز كەلگەن.

(9) مەكتەپتىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان باللارنىڭ ھېسسىياتى زەخمىگە ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ.

باللارنىڭ يېزىقچىلىققا بولغان قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش بەلكىم ئۇلارنىڭ پسىخىكا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاپ، داۋالغۇش ۋە ئازار - كۈلپەت مەزگىلىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋېلىشىغا بەرگەن ياخشى ياردەم بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ئېغىر كېسەللىك بولسا، سىز ئەلۋەتتە ئۇلارنى پسىخىكا دوختۇرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، كەچۈرمىشلىرىنى ھېكايە ياكى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشىنىڭ ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە چوڭ ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

(10) كۆپ ساندىكى كەسپىي ساھەلەردە، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەر باشقىلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەۋزەل سانىلىدۇ.

مېنىڭچە، ھەر قانداق ساھەدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر يېزىقچىلىق ئىقتىدارىغا بەكرەك موھتاج بولىدۇ. بۈگۈنكىدەك، ھەممە ئادەمنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئېلېكترونلۇق پوچتا يوللانمىسى ئارقىلىق بولۇۋاتقان دەۋردە، شىركەتلەر ۋە ئىدارە - ئورگانلار باشقىلارغا تېلېفون قىلىش، ئۇچۇر يېزىش، ئېلېكترونلۇق خەت - چەكلەرنى يوللاش ياكى مەلۇم بىر ئىشنى چۈشەندۈرۈش، ھەتتا ئۆزۈن مۇددەتلىك پىلان ياكى كەسپىي

ماقالە يېزىش قاتارلىق ئىشلار ئۇچۇن ئەلۋەتتە يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەرنى ئالدىدا ئويلىشىدۇ.

يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى كىشىلەر بۇنداق ئىشلارنى ئۆزى بىر قوللۇق بىر تەرەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ يازمىسى تولىمۇ ئېنىق، قىزىقارلىق ۋە باشقىلارنى قايىل قىلارلىق بولىدۇ.





# باللارنى قەلەمخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ 99 ئۇسۇلى

## ئەڭ مۇھىم ئون خىل ئۇسۇل

**1. بالىڭىزنىڭ كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقى ۋە ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىڭ. بۇ — ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر بىر يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ.**

يېزىقچىلىق بىلەن ئېغىز تىلىنىڭ قانداق پەرقى بارلىقىنى ئويلاپ بېقىڭ. بىز ئادەتتە گەپ قىلغاندا، سۆزلەرنى ھەجىلەپ ئېيتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. شۇنداقلا بىز يېزىلىشى ئوخشاش، ئەمما ئاھاڭى ئوخشاش بولمىغان سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، قارشى تەرەپ بىر ئاڭلاپلا بۇ سۆزنىڭ قايسى مەنىدە

قوللىنىۋاتقانلىقىمىزنى بىلەلەيدۇ. مەسىلەن، بالا (با:لا - قازا / بالا - پەرزەنت)، ئاچا (نەرسىلەرنىڭ بىر گەۋدىدىن ئايرىلىپ چىققان قىسمى، پۇتاق، بىر نەرسىنى يۆلەپ قويىدىغان تىرەك / ئا:چا -بىر كىشىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشى)...بىز بۇنداق سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە ئېغىز تىلىمىزدا بەزى بوغۇملىرىنى ئۇرغۇلۇق چىقىرىش، تەلەپپۇز قىلىشتا پەرقلەندۇرۇش ياكى قول ئىشارىتى قىلىش ئارقىلىق مەقسىتىمىزنى ئىپادىلىسەك بولىدۇ. شۇنداقلا كۈلۈش، يىغلاش، بىردەم توختىۋېلىش، تۆۋەن ئاۋازدا قۇلىقىغا پىچىرلاش ياكى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراش ئارقىلىقمۇ ئۆز ھېسسىياتىمىزنى ياكى مەقسىتىمىزنى قارشى تەرەپكە روشەن ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز.

لېكىن، يېزىقچىلىق بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، يېزىقچىلىقتا ئۆز ھېسسىياتىنى ئەينەن ئىپادىلەش ئېغىز تىلىغا قارىغاندا قىيىن ھەم مۇرەككەپ بولىدۇ. يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى يازغۇچىلار پىچىرلاش ياكى ۋارقىراش قاتارلىق ھالەت ۋە ھېسسىياتلارنى ھەرخىل جۈملە قۇرۇلمىسى، مۇرەككەپ سۆزلەر، ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتە ۋە تىنىش بەلگىلىرىدىكى پەرقلەر ئارقىلىق ئەسەردىكى سۆزلىگۈچى كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى تولىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. دېمەك، بۇ خىل قەلەم قۇۋۋىتىنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر يولى كەڭ دائىرىلىك كىتاب ئوقۇش. كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ھەرخىل يېزىقچىلىق ماھارىتىنى پىششىق بىلەلەيدۇ.

ئويلىنىپ بېقىڭ، بالىلىرىمىز قانداق بولغاندا ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىدۇ؟ بۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭغا گۈزەل ئەخلاقلارنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك، لېكىن ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى ئۇ ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدىغان كىشى. ئەگەر بالىلار ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان كىشى سېخىي، ئاق كۆڭۈل ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك بولسا، ئۇنداقتا بالىلارمۇ تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ، ئۇنى دورايدۇ. يېزىقچىلىقمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بالىلارنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە

پىكىر قۇۋۋىتىنىڭ قانچىلىك سەۋىيەدە بولۇشى ئۇ ياخشى كۆرگەن ۋە ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىگە باغلىق. ئۇلار مەزكۇر يازغۇچىنىڭ كىتابلىرىنى قانچە كۆپ ئوقۇسا، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە پىكىر قۇۋۋىتىمۇ شۇنچە پىشىپ يېتىلىدۇ.

**2. بالىغىزنى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىزچىل ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇڭ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەربىر پارچە ماقالىسىنىڭ تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ.**

ماختاش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش ــ بالىلارنىڭ يېزىقچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشىغا رىغبەتلەندۈرىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر. «ۋاھ! ماۋۇ توشقانچاقنىڭ قىلىقلىرىنى تولىمۇ ياخشى ئىپادىلەپسىز، ھېكايە ۋەقەلىكى بەك قاملىشىپتۇ، ياخشى يېزىپسىز، داۋاملىق مۇشۇنداق يېزىپ تۇرۇڭ»... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بولسىمۇ ئىلھاملاندۇرۇشقا سەل قارىماڭ.

ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن كۆپىنچە ھاللاردا بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىدىكى خاتالىقلىرىنى ئوڭشاش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىمەن - دە، بەزىدە ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنى ماختاشنى ئۇنتۇپ قالىمەن. بىر قېتىم مەن بىر ئوقۇغۇچىمنىڭ ئادەتتىكى بىر شېئىرىغا: «ئېسىل يېزىپسىز، داۋاملىق تىرىشىڭ!» دەپ ئۆزۈمنىڭ تولىمۇ ھاياجانلانغانلىقىمنى ئىپادىلىگەن ئىدىم، كېيىنكى قېتىم مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىنتايىن ئېسىل يېزىلغان بىر پارچە شېئىرىغا ئېرىشتىم.

**3. بالىلار ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يازغۇچىلارغا ئايلانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارغا تەكلىپ ۋە تەنقىد بەرسىڭىز مۇۋاپىق.**

بالىلار ئۆزىنى يازغۇچى دەپ قارىغاندىن كېيىن، قانداق قىلغاندا ئۆز ئەسەرلىرىنى تېخىمۇ ياخشى يېزىشقا تىرىشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىشىڭىز

كېرەك. سىز بالىڭىزغا تەكلىپ بەرگەندە بۇيرۇق يوسۇنىدا ئەمەس، بەلكى مەسلىھەت تەلەپپۇزىدا ئېپادىلىسىڭىز ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن، «سىز بۇ ھېكايىڭىزدە ھۆججەتچى قوشۇننىڭ سېپىل دەرۋازىسى ۋە سېپىلنىڭ ئۈستىگە زەمبىرەك ئوقى ۋە كۆيدۈرگۈچى ئوق ئاتقانلىقىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن، سېپىل خەندىكى ۋە تاملىرىنى تەسۋىرلەپ بەرسىڭىز، سىزنىڭچە بۇ مەنزىرە تېخىمۇ جانلىق ۋە ئېنىق بولۇشى مۇمكىن» دېگەندەك.

**4. بالىڭىزنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە ئىززىتىگە ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئۇ يازغان ماقالە - ھېكايىلەرنى ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن ئوقۇڭ.**

سىز بالىڭىزنىڭ يازمىلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىڭ، ئاندىن ئۇنىڭدىن خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراڭ، لېكىن ھەرگىز مەجبۇرلىماڭ ۋە ئوغرىلىقچە قارىماڭ. شۇندىلا بالىڭىز سىزنىڭ ئۇنى ئىززەتلەيدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىدۇ - دە، سىزگە بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.


ئەگەر بالىڭىزدىن ئەخلاقسىزلىق قىلمىشى سادىر بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قېلىۋاتقانلىقى ۋە دوستلىرى بىلەن نورمال بولمىغان خەت - ئالاقىسى قىلىۋاتقانلىقىنى بايقىسىڭىز، ئۇلارنىڭ خەت - چەكلىرى، تېلېفون ئۈچۈرلىرى، سىناق - ئىمتىھان قەغەزلىرىنى بىلىندۇرمەي كۆرۈشىڭىز ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن مۇستەسنا.

**5. بالىڭىزنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىڭ.**

ئەگەر باللار ئۆيدە ئاتا - ئانىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوقتەك ھېس قىلسا ۋە «سۆزلىرىم بەرىبىر ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ» دەپ قارىسا، سىرتقى دۇنيادىمۇ باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىبارسىز قارىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلايدۇ. مەن بىر ئوقۇغۇچىمدىن: «سەن نېمە ئۈچۈن

دەرسخانىدا پىكىر قاتناشتۇرمايسەن؟ يەنە كېلىپ، نۇرغۇن تاپشۇرۇقلارنى تاپشۇرمىدىڭ» دەپ سورىسام، ئۇ: «ئۆيدە ھېچكىم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايدىغان تۇرسا، دەرسخانىدا كىممۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىسۇن!؟» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

سىز گەرچە بالىڭىزنىڭ سۆزى ياكى تەلىپىگە قوشۇلمىسىڭىزمۇ، ئۇنىڭ گېپىنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلىشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭ سۆزى ۋە پىكرىگە ھۆرمەت قىلماسلىق ئەقلى ۋە پسىخىكىسىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زىيان سالغاندىن سىرت، يەنە ئەسەرلىرىنىڭ تىلى راۋان، ئىشەنچ تۇيغۇسى كۈچلۈك يازغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.



### 6. مۇكەممەللىك تەلىپىنى چۆرۈپ تاشلاڭ.

ئارىمىزدا تارقىلىپ يۈرگەن ئەڭ ناچار سۆزلەردىن بىرى: «ئەگەر قىلماقچى بولساڭ ئەڭ ياخشى قىل، بولمىسا قوي!» دېگەن سۆزدۇر. ھەربىر ئىشنى چوقۇم توغرا قىلىشقا ئۇرۇنغان ئادەم، ئەڭ ئاخىرىدا يا ئۆزىنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ، يا ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بولۇپمۇ يازغۇچى بولۇشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ خىل روھىي ھالەت تېخىمۇ ناچار ۋە زىيانلىق. ھېكايە ياكى ماقالىنىڭ

چوقۇم مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلىش يازغۇچىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى ۋە ئەسەرنىڭ راھەت تۇيغۇ بېرىش كۈچىنى بوغۇپ قويۇپلا قالماي، بەزىدە يەنە ياخشى ئىجادىيەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىلارنىڭ ئەركىن - ئازادە بولۇشىغا يول قويۇڭ.

مەن ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ھاياتىمدا شۇنى بايقىدىمكى، كىچىككىدىنىلا بىرقەدەر ئەركىن - ئازادە، باشقىلار تەرىپىدىن ئۇششاق - چۈششەك چەكلىمىلەرگە ئۇچرىماي چوڭ بولغان بالىلار كېيىن سەۋرچان، زېھنىنى يىغىش ئىقتىدارىغا ئىگە چوڭ بولىدۇ؛ شۇنداقلا ھەرخىل پائالىيەتلەردە ئاكتىپ ۋە تىرىشچان (يېزىقچىلىقتىمۇ ھەم شۇنداق) بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ زېھنىي كۈچى تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئىشنى مۇكەممەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن چەكلىمىگە ئۇچرىمىغان ۋە توختاپ قالمىغان.

**7. بالىڭىزنىڭ يازمىلىرىغا كۆپ ئارىلىشىۋالماڭ. بالىلارنىڭ غەلىتە پىكىر قىلىشى ۋە قاملاشمىغان ئەسەر يېزىشى پەقەت شۇ مەزگىلدىكى بىر باسقۇچ خالاس.**

ئەڭ ئوماق، ئەڭ چىچەن بالىلارمۇ غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئۇرۇش ھېكايىلىرىنى، قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەرنى ۋە ياكى ھەممە ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان بىر جەڭ كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ ھېكايە يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزى كىچىك بالىلار ئەخمىقانە بىر شېئىر يازىدۇ، يېشى چوڭراق بالىلار تۇرمۇشتىكى مەلۇم ناچار قىلمىشلارنى تەسۋىرلەپ ئاچچىق ھەجۋىي ماقالىلەرنى يازىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلگەندە ئەنسىرەپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. پەقەت سىز ئازراق سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىسىڭىزلا، ئۇنىڭ بۇ خىل ھېكايە يازىدىغان مەزگىلى ئۆتۈپ كېتىدۇ. بالىڭىزنىڭ سىزگە بۇنداق ھېكايىلىرىنى كۆرسەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇشىڭىز ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. بۇنداق ۋاقىتلاردا سىزنىڭ: «ۋاھ،

نېمىدېگەن جانلىق - ھە!» دەپ ماختاپ قويغان بىر ئېغىز سۆزىڭىز ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يازغان ئەسەرلىرىنىمۇ داۋاملىق سىزگە كۆرسىتىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولىدۇ.

مېنىڭچە، سىز قانچە سوغۇققان بولسىڭىز، ئۇلارمۇ ئۆز يازمىلىرىدا شۇنچە ئەستايىدىل بولۇشى مۇمكىن. بالىسىنىڭ قىلغان ئىشىنى ماختاپ قويمايدىغان ئاتا - ئانىنى ھەيران قالدۇرۇشقا ئۇرۇنۇشىنىڭ بالا ئۈچۈن نېمە لەززىتى بار دەيسىز؟!

**8. خۇددى ھەربىر بالىنىڭ ئوقۇشقا بولغان قىزىقىشى ئوخشاش بولمىغىنىدەك، ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىققا بولغان قىزىقىشىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلارنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تېمىدىكى ماقالىلەرنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

مەن بالا يازغۇچىلارنىڭ ئومۇمەن ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايقىدىم:

(1) تەسۋىر ۋە ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە ئامراق بالىلار بولۇپ، بۇلار كۆپىنچە شېئىر ۋە ئەسلىمە خاتىرىسى يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

(2) كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ۋە ئاۋاز ئىنتوناتسىيەسىگە سەزگۈر بالىلار بولۇپ، بۇلار تۈرلۈك خاراكتېردىكى پېرسوناژلارنىڭ مىجەز - خۇلقى ئىپادىلەنگەن ھېكايىلەرنى ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ماقالىلەرنى يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

(3) پاكىت - ئۇچۇرلارغا قىزىقىدىغان بالىلار بولۇپ، بۇلار توغرا تارىخ ياكى تېخنىكىلىق تەپسىلاتلار بىلەن تولغان مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەرنى يېزىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

سىزنىڭ بالىڭىزنىڭ قايسى خىلدىكى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، ئۇلار يېزىقچىلىق بىلەن قانچە كۆپ شۇغۇللانسا، شۇنچە تالانتلىق بولىدۇ. تولۇق

ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندا، ئىجادىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ناھايىتى ياخشى ماقالىلەرنى يازالايدۇ. ئۇلار رەسمىي يېزىقچىلىققا كىرىشكەندە، ئۇلارنىڭ شەخسىي ۋە ئىجادىي يېزىقچىلىق قابىلىيىتى كۈچلۈك رول ئوينايدۇ. پەقەت مەكتەپتىن بەرگەن يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقىنى ئىشلەش بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇنداق بالىلار ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە شەيئىلەرنى ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلارغىچە ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ۋە ئۇسلۇبىنى تولىمۇ جانلىق شەكىلدە بايان قىلىپ بېرەلەيدۇ.



پېرسوناژلار ئوبرازىنى تەسۋىرلەشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم بۇ جەھەتتە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا ماھىر يازغۇچى بالىلار ئەدەبىي ئانالىز جەھەتتە ئەۋزەللىككە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك، ئەمەلىي ئۇچۇرلارنى ياخشى كۆرىدىغان يازغۇچى بالىلار كەلگۈسىدە قىممەتلىك تارىخىي ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىشى مۇمكىن.

**9. بالىلار يېزىقچىلىقنى باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئۇلارنىڭ يازمىلىرىدىكى گىراماتىكىلىق خاتالىقلارغا بەك كىرىشىۋالماڭ ۋە بۇنىڭدىن بەك ئەنسىرەپ كەتمەڭ. كۆپ قىسىم گىراماتىكا بىلىملىرى تەرەققىيات خاراكتېرلىك بولۇپ، بالىلار ئۇنى قىسقا ۋاقىتتا بىۋاسىتە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئاستا-ئاستا يېتىلدۈرىدۇ.**

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بالىلار خۇددى ئۆزلىرى ئاڭلىغان تىلنى سۆزلەشنى تەبىئىي ھالدا ئۆگىنىۋالغانغا ئوخشاش، كۆپ كىتاب ئوقۇسىلا، شۇ ئوقۇغان تىلنى يېزىشنى تەبىئىي ھالدا ئۆگىنىۋالالايدۇ. يېزىقتىكى گىراماتىكىلىق قائىدىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەجەبا، ئاڭلاش ئىقتىدارى ئېغىر دەرىجىدە توسالغۇغا ئۇچرىغان بالىلار نېمە ئۈچۈن راۋان گەپ قىلالمايدۇ؟ چۈنكى، ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان قوبۇل قىلىش مەنبەسىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتالايمىزكى، كۆپ كىتاب ئوقۇش — نادىر يازمىلارنىڭ روياپقا چىقىشىنىڭ تايانچىسىدۇر.

**10. يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش بالىڭىزنىڭ خۇشاللىقىغا ئايلانسۇن.**

مەيلى كۈندىلىك خاتىرە يېزىڭ، ياكى شېئىر يېزىڭ، ياكى جەمەتىڭىزنىڭ تارىخىنى يېزىڭ ۋە ياكى يېقىنلىرىڭىزغا سالام خەت يېزىڭ، ئىشقىلىپ ئۆيدە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇر ئالىدىغان نەرسىلەرنى يېزىش ئارقىلىق، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ ئىنسانغا تولىمۇ راھەت تۇيغۇ ۋە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بالىڭىزغا بىلدۈرۈڭ. سىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىڭىز بالىڭىزنى جەلپ قىلىپلا قالماي، بەلكى بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىقتا ئالغا بېسىشىغا يېتەكچىلىك رولىنى ئوينايدۇ.



## ئوقۇش يېشغا توشمىغان باللار

**11. بالىڭىز بىلەن ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن قىزىقارلىق ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىڭ ۋە ئۇنى مۇزاكىرە قىلىڭ.**

يېزىقچىلىقنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئۆزىنىڭ گېپىنىڭ مۇھىملىقىغا ئىشىنىش. شۇڭا، بالىڭىز تېخى كىچىك بولسىمۇ، سىز بىلەن پاراڭلىشىشنى خالايدىغان چاغدا، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىنچىكە ھالقىلارنى تونۇيالايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشى تولىمۇ مۇھىم.

**12. بالىڭىزنىڭ ھېسسىياتىنى سۈرۈشتە قىلىش ياكى كونترول قىلىشتا چېك تۇرۇۋالماڭ.**

ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى كونترول قىلالمايدۇ. لېكىن شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، كىچىكىدىن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى سەممىي ئىپادىلەپ كۆنگەن بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىمۇ بۇنى جانلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. بالىڭىزنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىشى ئۇنى

قەلبىدە باستۇرۇپ قويغاندىن كۆپ ياخشى ۋە پىسخىكىسى ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق.

سىزنىڭ بەش ياشلىق قىزىڭىز ئوقۇتقۇچىسىغا ئاچچىقلانغاندا «ئۇ سېمىز ئايال» دېسە، سىز دەرھاللا ئۇنىڭغا: «بۇنداق دېسىڭىز ياخشى بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئوقۇتقۇچىڭىز سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ» دېيىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن سىزنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسىڭىزنىڭ يېتەرسىز بىر تەرىپى شۇكى، ئۇ سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىز بىلەن ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئۆزگەرتەلمىسە، پەقەت ئۆكۈنۈش ياكى غەزەپلىنىش ھېس قىلىدۇ. ياكى بولمىسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى سىزگە يوشۇرىدۇ، ھەتتا بۇ ھېسسىياتلار يىغىلىپ - يىغىلىپ ئاخىرى بىر كۈنى سىز ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالغۇدەك دەرىجىدە پارتلاپ چىقىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭغا: «ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوقۇتقۇچىڭىزدىن خاپا بولۇپ قالغاندەك قىلىسىز، ھەتتا ئۇنىڭ دەرسىنىمۇ ئۆچ كۆرۈپ قاپسىز، نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ ئىككىمىز پاراڭلىشىپ تېخىمۇ ياخشى ئامال تېپىپ چىقايلى. بەلكىم بىز ئوقۇتقۇچىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ باقساق ياخشى بولۇشى مۇمكىن...» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشىگە ۋە بۇ ھەقتە ئويلىنىپ، سىز بىلەن مۇزاكىرە قىلىشقا يېتەكلەش بولسا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

**13. بالىڭىزنىڭ سۆزلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىشىڭىز ــ ئۇنىڭ ئوي - پىكرى ۋە تەجرىبىسىنى كېڭەيتىشىگە ياردەم بېرىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر.**

مەسىلەن:

ــ بۈگۈن يەسلىدە نېمە ئىش قىلدىڭىز؟ ــ دەپ سورىسىڭىز، ئوغلىڭىز ھاياجانلانغان ھالدا:

ــ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدۇق! ــ دېدى.

بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ سىزگە يەنە بۇ مۇراسىمدا قانداق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى، ئۇنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تەپسىلىي ئېيتىپ بەرسۇن. ئاكتىپ ئاڭلاشنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بىۋاسىتە سوئال سوراپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئۇنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇسىغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ قويۇشتىن ساقلىنىشتۇر. بۇنداق ۋاقىتتا سىز ئۇنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆزىڭىزنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولغانلىقىڭىزنى ئىپادىلەش، ئۇنىڭ پائالىيەتكە قىزىققانلىقىڭىزنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىنى ئاڭلاشقا قىزىقىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆزلەپ بەرمىسە، ئۇنداقتا سىز: «جەزم قىلىمەنكى، سىز مۇراسىمدا چوقۇم پېچىنە ياكى كەمپۈت يېدىڭىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىڭ ۋە سىزنىڭ پىكرىڭىزنى قوبۇل قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. ئەگەر ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى سەممىي ئىپادىلەپ: «مۇئەللىم بىزنى كەمپۈتنى جىق يېگىلى قويمىدى، شۇڭا بىز پەقەت پېچىنىلا يېدۇق، لېكىن مېنىڭ ئۇ كەمپۈتلەرنى يېگۈم بار ئىدى» دېسە، سىز ھەرگىز دەرھاللا ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ: «مۇئەللىمىڭىز بەك ياخشى قىپتۇ» دېمەڭ، بەلكى بالىڭىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى داۋاملىق سۆزلەپ بېرىشىگە ۋە ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى ھېسسىياتلىرىنى تەپسىلىي ئىپادىلەپ بېرىشىگە پۇرسەت بېرىڭ. ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن: «قارىغاندا كۆڭلىڭىز بەك يېرىم بولغان ئوخشايدۇ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ، ئاندىن كەمپۈتنى كۆپ يېيىشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز بولىدۇ.

## 14. بالىڭىزنى ھەر تەرەپلىمىلىك تەپەككۇر قىلىشقا يېتەكلەڭ.

كىچىك بالىلار كۆپىنچە ھاللاردا ھەرقانداق ئىشلارنى قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا خىل توغرا ئۇسۇلى بار دەپ قارايدۇ. بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما، سىز بالىڭىزنىڭ بۇ خىل

«بىردىنبىر توغرا ئۇسۇل» تەپەككۇرنى تەدرىجىي يوقىتىپ، ئۇلاردا كۆپ تەرەپلىمىلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشىڭىز كېرەك.

سىز بالىڭىزنىڭ جانلىق ۋە ئۇچۇق پىكىرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىسىز، ئەلۋەتتە. بۇ بالىڭىزنى مۇنەۋۋەر يازغۇچى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

**15. بالىلارنى تەسەۋۋۇر كۈچى مول بولغان ئويۇنلارنى ئويناشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك.**

سۆز ئويۇنى، تېپىشماق تېپىش، ئوخشاش ھەرپ بىلەن باشلانغان سۆزلەرنى ئېيتىش، مېھماندارچىلىق ئويۇنى... قاتارلىق ئويۇنلارنى ئويناش بالىلارنىڭ سۆز ۋە ھېكايە ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشتىكى ئىنتايىن ياخشى ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، يەنە تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى ۋە ھېكايە توقۇش ئىقتىدارىنىمۇ ئاشۇرالايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مۇشۇنداق ئويۇنلارنى ئۆگىتىدىغان كىتابلارنى سېتىۋېلىپ، ئۇ ئويۇنلارنى بالىڭىزغا ئۆگىتىپ قويۇشىڭىز ۋە بىللە ئوينىشىڭىز ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

**16. بالىڭىز بىلەن پاراڭلاشقاندا ئانچە - مۇنچە قاپىيەداش سۆز - جۈملىلەرنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ بۇنداق سۆزلەرگە بولغان قىزىقىشىنى قوزغاڭ.**

مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار سۆزلەرنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، قاپىيەسى ۋە باش - ئاخىرىنىڭ باغلىنىشىغا ئىنتايىن سەزگۈر كېلىدۇ. شۇڭا، بالىلاردا كىچىكىدىن باشلاپ مۇشۇنىڭغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا قىلىش كېرەك. ئەگەر بالىڭىز سىزگە: «بۇ يەر بەك چىرايلىقكەن» دېسە، سىز كۈلۈپ تۇرۇپ: «لېكىن يوللىرى سەل تاشلىقكەن، شۇڭا مېڭىش بەك جاپالىقكەن، قارا ئاۋۇ




تاغلىقكەن، پۈتۈنلەي قارلىقكەن» دېسىڭىز بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتلاردا ھەممە سۆزىڭىزنىڭ چوقۇم ئەقىلگە مۇۋاپىق بولۇشىنى ئويلىۋالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، پەقەت بالىڭىز بۇ قاپىيەلىك سۆزلەردىن خۇشاللىق ھېس قىلسۇن.

**17. بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىق قىزىقىشىغا ئىلھام بېرىڭ. مەسىلەن، قېرىنداش قەلەم بىلەن رەڭلىك كىتابقا ئۆمۈچۈك پۈتىدەك خەتلەرنى يېزىش، يەرگە تاياق بىلەن رەسىم سىزىش ياكى ئىزلاپ يېزىش كىتابلىرىدا قول كۆندۈرۈش... قاتارلىقلار.**

بالىڭىزنىڭ تامغا ياكى بەدىنىگە قەلەم بىلەن سىزىپ ئوينىغىنىنى كۆرگەن ۋاقتىڭىزدا بەلكىم ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئۇنىڭ قولىغا قەلەم تۇتقۇزماسلىقىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىز بۇنداق قىلىشىنىڭ ئورنىغا: «بالام، ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ، مەن سىزگە رەسىم سىزىپ ئوينايدىغان ۋە خالىغانچە خەت يازسىڭىز بولىدىغان كىتاب ئېلىپ بېرەي، شۇنىڭغا خەت يېزىڭ، بولامدۇ؟!» دېسىڭىز، ئاندىن ئۇنىڭ بۇ كىتابلارغا يازغان ئۆمۈچۈك پۈتىدەك خەتلىرىنى تەقدىرلىسىڭىز ۋە ماختىسىڭىز، بالىڭىزنىڭ دەسلەپكى يېزىقچىلىق قىزىقىشىغا تېخىمۇ ياخشى ئاساس سالالايسىز.

**18. بالىڭىزغا بوياق كىتابىدىن كۆپرەك ئاق قەغەز بېرىڭ.**

مېنىڭچە، بىز يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، كىچىك ۋاقتىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن بويىچە ئۆمۈچۈك پۇتىدەك قالايمىقان خەتلەرنى يېزىپ ئوينىغان باللارنىڭ چوڭ بولغاندىن كېيىنكى يېزىقچىلىق قابىلىيىتى باشقىلارغا قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئىقتىسادىڭىز يار بەرمىسە، كونا ماللار بازىرىدىن ياكى كوچىلاردىكى يايمىچىلاردىن كونا دەپتەر ياكى ئەرزان باھالىق قەغەزلەرنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارغا بېرىڭ. شۈبھىسىزكى، ئۇلار (ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللار) بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، سىز ھەيران قالغۇدەك نەرسىلەرنى سىزىپ چىقىشى مۇمكىن.

**19. بالىڭىزنى يېتەرلىك يېزىق ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەڭ.**

قەغەز، قېرىنداش قەلەم، بوياق قەلەم، سىزما كىتابى، رەسىم دەپتىرى... قاتارلىقلارنى تەييارلاپ بېرىڭ. ئەگەر ئىقتىسادىڭىز يار بەرسە، بالىڭىزنىڭ خەت يېزىشىغا لازىملىق بولغان ھەرقانداق نەرسە ۋە ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ بېرىڭ. بىلىڭكى، بالىڭىزنىڭ ھازىرقى ئۆمۈچۈك پۇتىدەك خەتلىرى ۋە رەسىم كىتابلىرىدىكى تەتۈر، مايماق رەسىملىرى كەلگۈسىدىكى جەلپكارلىق ھۆسنخېتى ۋە قالتىس يېزىقچىلىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**20. بالىڭىزنىڭ تىل ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچەيگەندە، ئىلگىرى يازغان شۇ قالايمىقان خەتلىرى ۋە رەسىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى ئېيتىڭ.**

ئۈچ ياشلىق بالىڭىز سىزگە ئۆزىنىڭ «ئېسىل ئەسىرى»نى كۆرسەتكەندە، ھەرگىزمۇ بىپەرۋالىق بىلەن: «نېمە بۇ؟» دەپ سالماڭ. ئەكسىچە، سىز زوقلانغان ھالدا: «ۋاھ، بەك ياخشى سىزىپسىز! نېمە سىزغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟»

دېيىشىڭىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا سىز ئۇنىڭ دەسلەپكى تىرىشچانلىقىنى ماختاپلا قالماي، يەنە بۇ «ئېسىل ئەسەر»دە بالىڭىز نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگەن بولىسىز.

**21. بالىڭىزنىڭ دەسلەپكى «ئېسىل ئەسەر»لىرىنى توڭلاتقۇ، ئاشخانا تېمى ياكى ياتاق ئۆيگە چاپلاپ بېرىڭ.**

سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىز بالىڭىزغا نىسبەتەن تەقدىرلەش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ھېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا بالىڭىزدا داداللىق ئېڭى شەكىللەندۈرىدۇ. مۇكەممەلچىلىك ئېڭى زىيادە كۈچلۈك ياكى داداللىق ئېڭى تۆۋەن بالىلارنىڭ يېزىقچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ناھايىتى تەس.

**22. بالىڭىزغا كۆپ شېئىر ئوقۇپ بېرىڭ.**

كىچىكىدىنلا بوغۇم، قاپىيە تۇيغۇسى شەكىللەنگەن ھەمدە ئوبرازلىق سۆزلەرنى ياخشى كۆرىدىغان بالىلار يېزىقچىلىق جەھەتتىمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. مېنىڭچە، كۆپ شېئىر ئاڭلاش ۋە ئوقۇش بالىڭىزنىڭ تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىشىغا پايدىلىق. بۇ ھەرقانداق بىر شائىرنىڭ ئاساسىنى يېتىلدۈرگەن مۇھىم ئامىللاردىن بىرىدۇر.



**23. «مەن ئۈچ ياش ۋاقتىمدا» (تۆت ياش ۋاقتىمدا، بەش ياش ۋاقتىمدا...) دېگەندەك بىر خاتىرە تەييارلاپ، بالىڭىزدىن ئۆزى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان بىر كۈننى تەسۋىرلەپ يېزىشنى تەلەپ قىلىڭ.**

بۇ كىتابچە ئىنتايىن ئاددىي بولسۇن. سىز بىر نەچچە ۋاراق ئاق قەغەزنى ئېلىپ مۇقاۋىسىغا «مەن ئۈچ ياش ۋاقتىمدا» دەپ يېزىڭ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلغان ياكى ئۇ ئۆزى قىلغان ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەتكۈزۈڭ ۋە ئاددىي جۈملىلەر ئارقىلىق مۇنۇلارنى يېزىڭ: «دادام مېنى موتوسىكلىتقا مىندۈردى» ياكى «مەن بۆگۈن باغچىدا دادام ۋە ئاكاملار بىلەن پۇتبول ئوينىدىم». ئاندىن مۇناسىۋەتلىك قىستۇرما رەسىملەرنى چاپلاپ بېرىڭ.

ئىنتايىن دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، سىز بالىڭىزنىڭ سۆزلىرىنى كىتاب يۈزىدە تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەش ئۈچۈن تەھرىرلەپ ئاۋارە بولماڭ ھەمدە: «بۇنىڭغا قارىغاندا پالانى ئىش تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟!» دەپمۇ يۈرمەڭ. بۇنداق كىتابچىلارنىڭ لەززىتى ۋە سېھرىي كۈچى دەل بالىڭىز خۇشال بولغان شۇ ئىشلارنىڭ ئېسىدە قالغانلىقىدا ۋە خۇشال بولۇپ سىزگە سۆزلەپ بەرگەنلىكىدە.

**24. بالىڭىزنى سىزگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

مېنىڭ نۇرغۇن مۇنەۋۋەر يازغۇچى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ دېيىشىچە، ئاتا - ئانىسى دەسلەپتە ئۇلارغا ھېكايە سۆزلىتىدىكەن، ئاندىن ئۇ ئاتا - ئانىلار ھېكايىنى بەزىدە كومپيۇتېردا بېسىپ چىقارسا، بەزىدە دەپتەرگە خاتىرىلەپ قويىدىكەن. كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئۆز ھېكايىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى چاپلاپ ياكى سىزىپ، ئۇ كىتابنى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە كۆرسىتىش ياكى ھەدىيە قىلىش ئارقىلىق خۇشاللىقتا ئېرىشىدىكەن.



**25. باللاردا يېزىقچىلىق قىزغىنلىقى شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى يېزىقچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىماڭ.**

ئەلۋەتتە ھەربىر ئاتا - ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ بىلىملىك، كىتابخۇمار ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان ھالەتتە چوڭ بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سىز بۇ نۇقتىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتىم دەپ، ئۇلارنى بەك بالدۇر كىتاب ئوقۇش ۋە يازما يېزىشقا مەجبۇرلىماڭ. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا سىز ئۇنىڭغا كىتاب ئوقۇپ بېرىڭ ۋە ئۇ سۆزلىگەن ھېكايىلەرنى خاتىرىلەپ بېرىڭ ھەمدە ئۇنىڭ كىتاب ئاڭلاشقا قىزىققانلىقى ۋە سىزگە ھېكايە ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ماختاڭ. بۇ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشنى ئۆگىنىشىگە زور ئىلھام بولىدۇ.

بالىلارنىڭ قىزغىنلىقى شەكىللىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى كىتاب ئوقۇش ۋە خەت يېزىشقا مەجبۇرلاشنىڭ خەتىرى شۇكى، سىز ئۇلارنى دەسلەپىدىلا زېرىكتۈرۈپ قويىسىز، ھەتتا ئۇلار بۇنى قىلالمىغانچە سىزنىڭ بېسىمىڭىز ئاستىدا ئۆزىنى دۆتتەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. بۇنداق مەجبۇرلاش بالا تەربىيەسىدىكى ئەڭ ناچار ئىش قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.



## باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى باللار

**26. ئەگەر بالىڭىز مەكتەپكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ھېكايە يېزىشقا نىسبەتەن قىزىقىشى شەكىللەنگەن بولسا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى سىناپ بېقىشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ. بۇنداق بولغاندا مەكتەپتىكى تىل - ئەدەبىيات دەرسىدە ماقالە يېزىشقا تەشكىللەنگەندە ئۇنىڭغا قىيىن توختىمايدۇ - دە، تاپشۇرۇقنى خۇشاللىق بىلەن ئورۇندايدىغان بولىدۇ.**

نۇرغۇن مەكتەپلەردە يېزىقچىلىق بىر خىل بۇرۇقتۇرما پائالىيەتكە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بەزى ئوقۇتقۇچىلار باللارغا نىسبەتەن تولىمۇ مەنىسىز تېمىلارنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى داۋاملىق ماقالە يېزىشقا، قاملاشمىغان يەرلەرنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيدۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ خىل يېزىقچىلىق تەربىيەسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالە يېزىشتىن زېرىكىش ۋە ئۇنىڭدىن خۇشاللىق ھېس قىلالماسلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەگەر بالىڭىزدا مەكتەپكە

كىرىشتىن بۇرۇن يازما يېزىشقا ئىشتىياق شەكىللەنگەن بولسا، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىڭ ۋە ياردەم قىلىڭ.

**27. بالىڭىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا قىزىققان بولسا، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنى مۇشۇ ئىش توغرىسىدا بىرەر يازما يېزىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

ھەممە بالىلار دېگۈدەك مەلۇم بىر ياش باسقۇچىدا رېمونتچىلىق، باغۋەنچىلىك، ياغاچچىلىق... دېگەندەك چوڭلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى دوراشقا ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقىدۇ. بۇ دەل ئۇلارغا مۇشۇ ھەقتە بىر ھېكايە ياكى بايان ماقالىسى يېزىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇشنىڭ ياخشى پۇرسىتى.

**28. ئاددىي شېئىرلارنى يېزىپ بېقىشقا قىزىقتۇرۇش تولىمۇ ياخشى بىر باشلىنىش ھېسابلىنىدۇ.**

شېئىر ئاددىي ھەم قىسقا بولغاندا، بالىڭىز ناھايىتى تېزلا بىر پارچە ئېسىل ئەسەرنى تاماملاپ، سىزنى ھاياجانغا سالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز ئۇ ئەسەرنى بالىڭىزنىڭ ياتاق ئۆيىگە ياكى توڭلاتقۇنىڭ ئىشىكىگە چاپلاپ قويۇشنى ئۇنتۇماڭ. بۇ باسقۇچتا بالىڭىز پەقەت قاپىيەلىك سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلىتىشنى بىلسە ۋە ئۇنى مۇۋاپىق قوللانسىلا، ئۇنىڭغا بىر كۇپلېت ناھايىتى ئېسىل بىر شېئىر يېزىشنىڭ قىيىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىڭ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئانام بەك ياخشى،
كەمتەر، مۇلايىم.
تەربىيەلەيدۇ ئۇ مېنى،
كۆيۈنۈپ دائىم.[1]

شېئىر يېزىش بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىققا قىزىقىشىغا

[1] ئىزاھات: ئوقۇرمەنلەر چۈشەنچىسىگە تېخىمۇ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى كىتابتىكى شېئىر ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، بەلكى ئۇيغۇرچە بالىلار شېئىرىدىن نەقىل قىلىپ كەلتۈرۈلدى.

ئىلھام بېرىدۇ ھەمدە سۆز - ئىبارىلەرنى ۋە جۈملە قۇرۇلمىسىنى ياخشى ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ - دە، ئۇنىڭدا يېزىقىلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۇرىدۇ.

**29. بالىڭىزنى بېشىدىن ئۆتكەن ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ياكى خۇشال بولغان بىر كەچۈرمىشىنى شېئىر قىلىپ يېزىپ بېقىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

ئۇستىدە بايان قىلغان ئۇسۇل پەقەت خالىغان بىر شېئىر مىسرالىرىنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئىدى. بالىڭىز بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى ئۆزىدە شەكىللەندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭغا بېشىدىن ئۆتكەن ياخشى بىر ئىشنى شېئىر قىلىپ يېزىپ بېقىشنى ئېيتىڭ. مەسىلەن، ئۇ بۈگۈن سىز ئېلىپ بەرگەن ئويۇنچۇق ماشىنىنى ئويناپ بەك خۇشال بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق شېئىر يېزىشى مۇمكىن:

ئاكام بىلەن ئىككىمىز،
كىچىك پىكاپ ھەيدىدۇق.
چۆرگۈلىتىپ ھەر يەرگە
خۇشال بولۇپ ئوينىدۇق.[2]

ياكى ھېيت خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ مۇنداق شېئىر يېزىشى مۇمكىن:

بۈگۈن مانا ھېيت كەلدى،
خۇشال بولدۇق بالىلار.
ھېيتىمىزنى تەبرىكلەپ،
ھېيتلىق بەردى ئاتىلار.[3]

ئۇنىڭ شېئىرىغا ئاپىرىن ئېيتىپ، ماختاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ. سىزنىڭ ماختىشىڭىز ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە يۇقىرى سەۋىيەلىك شېئىرلارنى يېزىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

[2] يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

[3] يۇقىرىقى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش.

## 30. بالىڭىزغا چاچما شېئىر يېزىپ بېقىشىنى ئېيتىڭ.

چاچما شېئىرلاردا بەلگىلىك دەرىجىدە قاپىيەنىڭ بولۇشىغا ئېتىبار بېرىلسىمۇ، ئەمما شېئىرنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاش رىتىم، تۇراق، قاپىيەلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىنمايدىغان ۋە بىرقەدەر ئەركىن بولغاچقا،[4] بالىڭىز ھەر ئىككى مىسرادا بىر قاپىيە كەلتۈرۈش ۋە شېئىردا بولۇشقا تېگىشلىك ھەرخىل قائىدىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىدىن قۇتۇلىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ ئانام،
ھەر كۈن قازان بېشىدا،
تەملىك چۆچۈرە،
لەغمەن، پولۇ،
مەززىلىك مانتا،
بەزىدە سامسا،
ئېتىپ بېرەر بىزلەرگە،
مىڭبىر جاپادا.
ھېچ ۋايسىماستىن،
ھەم قاقشىماستىن.
بىزگە بېرىدۇ،
پىشقىنىنى،
ئۆزى يەيدۇ،
ئاشقىنىنى.[5]

## 31. بالىڭىزنىڭ شېئىر يېزىش قابىلىيىتى بىخلىنىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭغا شېئىر يېزىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشنىڭ قاپىيە ئەمەس، بەلكى شېئىردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننىڭ ياخشى ۋە ئەھمىيەتلىك بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ.

[4] چاچما شېئىرلاردا قانچە مىسرادىن كېيىن بىر قاپىيە كېلىشى شەرت قىلىنمىسىمۇ، ئەمما بەلگىلىك بىر مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ھەربىر شېئىرىي بۆلەكنىڭ ئاخىرىغا قاپىيە كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ ــ تەرجىماندىن.

[5] ئەسلى كىتابتىكى شېئىر ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، تەرجىمان تەرىپىدىن يېزىلدى.

بالىغىزنىڭ شېئىر يېزىش قىزغىنلىقى شەكىللىنىپ، شېئىرنىڭ مەلۇم قائىدىلىرىنى بىلگۈدەك بولغاندا، ئۇنىڭغا شېئىر يېزىشتىكى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپ قاپىيەنى ياخشى كەلتۈرۈشلا ئەمەس، بەلكى مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك ۋە ئۆز ھېسسىياتىنى ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ. مەسىلەن:

رەببىم ئاللاھتۇر،
چەكسىز مېھرىبان.
ئىنسانىنى شۇنچە،
ئەزىز ياراتقان.
شېرىكى يوقتۇر،
بۈيۈك، تەڭداشسىز.
بارچە مەخلۇقنى،
قىلغان نۇقسانسىز.
سەندىن ئۆزگە بىر،
يوقتۇر ھېچ ئىلاھ.
ساڭىلا قۇلمەن،
ئى رەببىم ئاللاھ![6]

**32. ئېنىقكى، بالىڭىز دەسلەپكى ۋاقىتلاردا يازغان شېئىرلارنىڭ باش - ئاخىرى قاملاشمىغان، سۈپەتسىز ۋە شېئىر قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولىدۇ، لېكىن بۇنداق ۋاقىتتا سىز ھەرگىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەڭ.**

گەرچە بالىڭىز شېئىر يېزىشقا قىزىققان ۋاقىتلاردا ياخشى ۋە جانلىق شېئىرلارنى يېزىشقا تىرىشقان تەقدىردىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ شېئىرى كۆپىنچە سۈپەتسىز، مەنىسىز، پەقەت قاپىيەنىلا ئاساس قىلغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ۋاقىتتا ھەرگىز ئۇنىڭ شېئىرىنىڭ كەمچىلىكىنى سۆزلەپ

[6] ئەسلى كىتابتىكى شېئىر ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، تەرجىمان تەرىپىدىن يېزىلدى.

ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرماڭ ياكى مەسخىرە قىلماڭ. سىز پەقەت قىزغىنلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، شۇ شېئىردىكى ياخشى چىققان مىسرانى ماختاپ: «ماۋۇ مىسرا بەك ياخشى چىقىپتۇ!» دەڭ ۋە ناچار چىققان مىسرانى كۆرسىتىپ: «ماۋۇ مىسرانى مۇنداق ئىپادىلىسىڭىز تېخىمۇ ياخشى چىقىدۇ» دەپ تۈزىتىپ بېرىڭ.

بالىلارنىڭ ئۆزىنى «بالا شائىر» دەپ قاراشقا باشلىغان ۋاقىتلىرى تولىمۇ گۈزەل پەيتلەردۇر. گەرچە ئۇلار بۇ ۋاقىتلاردا مول مەزمۇنلۇق، سەۋىيەلىك شېئىرلارنى يازالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا ئۇلاردا شېئىرغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولغان ھەمدە بەلگىلىك تونۇش شەكىللەنگەن بولىدۇ. ئۇلار مۇشۇ قىزىقىشنىڭ تۈرتكىسىدە بارا - بارا تېخىمۇ مول ۋە جانلىق شېئىر ۋە نەسرلەرنى پۈتتۈرۈپ چىقالايدۇ.

## 33. بالىڭىزنى كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.

شېئىر يېزىش بالىلارغا ئېيتقاندا تۈيغۇسى ئاتا قىلىپ، ئۆزىنى «بالا شائىر» ھېس قىلدۇرسا؛ كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرۈشىگە ھەمدە ئۆز ھاياتىنى چۈشىنىشى ۋە بۇلاردىن تەجرىبە ھاسىل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بالىلىق ۋاقىتلىرىدا كۈندىلىك خاتىرە يېزىش ياكى ئۆزىنىڭ كەچمىش - سەرگۈزەشتىلىرىنى ھېكايە قىلىپ ئىپادىلەشكە ئامراق كىشىلەردىن ئىدى.

## 34. بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىقى تېخىمۇ راۋان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغان خەۋەرلەرنى يېزىش تەكلىپىنى بېرىڭ.

ئەتراپىتىكى خەۋەرلەرنى يېزىپ مەشىق قىلىش باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئەتراپىدىكى ۋەقەلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن

كۆزىتىشىنى، مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشىنى، پاكىت ۋە كۆز قاراشنى پەرقلەندۈرۈشىنى ھەمدە كۆرگەن - ئاڭلىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ خىل پۇرسەت ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى يېزىقچىلىق پۇرسىتى ۋە ئەمەلىيىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۇششاق خەۋەرلەرنى يېزىشنى ياخشى كۆرىدىغان بەزى بالىلارنىڭ كېيىن تولۇق ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن، مەكتەپ گېزىتلىرىنىڭ تەھرىر بۆلۈمىدە ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلىمەن.

**35. بالىڭىزغا مەلۇم بىر - ئىككى جۈملىنى ياكى قىسقا بىر پارچىنى بېرىپ، ئاندىن بۇنى كېڭەيتىپ يېزىشنى ئېيتىڭ.**

مەسىلەن، «مەن بۈگۈن ئالما سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا باردىم. ئالمىنى خالتىغا سېلىپ ئۆيگە ماڭدىم. يېرىم يولغا كېلىپ قارىسام، ئالمىنىڭ پۇلىنى بېرىشىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئاندىن كەينىمگە يېنىپ پۇلىنى ئاپىرىپ بەرگەن ئىدىم، ئالما ساتقۇچى بەك خۇش بولۇپ كەتتى» دېگەندەك قىسقا بىر پارچىنى بېرىپ، بالىڭىزغا بۇ ھېكايىنى كېڭەيتىپ يېزىشقا بۇيرۇڭ ياكى «بۇرۇنقى زاماندا ئەقىللىق بىر توشقانچاق بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ يولدا كېتىۋاتسا ئالدىغا بىر بۆرە ئۇچراپ قاپتۇ...» دېگەنگە ئوخشاش ئىككى - ئۈچ جۈملىنى بېرىپ، بۇ مەسىلىنىڭ كەينىنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىشقا بۇيرۇڭ.

ئەگەر بالىڭىز بىرەر ئەسەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرەلىسە، ئۇنى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرۈڭ.

**36. ۋاقىت چىقىرىپ بالىڭىز كېڭەيتىپ يازغان ھېكايە - مەسىلىلەرنى تەھرىرلەپ بېرىڭ.**

گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنى ھەممە كىشىلەر كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ، بالىڭىزنىڭ شەخسىي خاتىرىسىگە يازغان يازمىلارغا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز

ئۆنى ئېلان قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن بالىڭىزغا مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈڭ، بەلكىم ئۇمۇ ئېلان قىلىنمىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ سىزنىڭ ياردىمىڭىز ئاستىدا تېخىمۇ ياخشى چىقىشىنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن.

**37. بالىڭىزنىڭ يېشى بىرئاز چوڭىيىپ، مۇستەقىل ئەسەر يازالىغۇدەك بولغاندا، ئەگەر سىزنىڭ كومپيۇتېرىڭىز بولسا، ئۇنىڭغا بۇ يازمىسىنى كومپيۇتېرغا قانداق بېسىشنى ۋە word سىستېمىسىنى قانداق ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىز بولىدۇ.**



بالىڭىزغا ئۆزى يازغان ئەسەرلەرنى كومپيۇتېردىكى يېزىقچىلىق قوراللىرىغا، بولۇپمۇ word سىستېمىسىغا قانداق بېسىشنى؛ بەت يۈزى، خەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، قۇر ئارىلىقى قاتارلىقلارنى تەڭشەشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ ۋە سۈپەتلىك پۈتتۈرگەندىن كېيىن بېسىپ چىقىرىپ بېرىڭ.

**38. بالىڭىز بىر مەزگىل ھەرخىل ئەسەرلەرنى يازغاندىن كېيىن، ئۇ يازغان ئەسەرلەرنى توپلاپ گېزىت ياكى ژۇرنال قىلىپ لايىھەلەپ بېرىڭ.**

بالىڭىز ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يازغان ھەرخىل تۈردىكى ئەسەرلىرىنىڭ تۈپلىنىپ بىر كىتابچە ياكى گېزىت

- ژۇرنال بولغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭ قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ - دە، يېڭى - يېڭى تېمىلارنى يېزىش ھەققىدە پىكىر قىلىدىغان ۋە ئىزدىنىدىغان بولىدۇ.

## 39. بالىڭىزغا ئاددىي بولغان ئاخبارات يېزىقچىلىقىنى تونۇشتۇرۇڭ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكلەڭ.

بالىڭىز word تا خەت باسالىغۇدەك بولغاندا ۋە گېزىت - ژۇرناللارغا نىسبەتەن تونۇش شەكىللەنگەندە، ئاددىي بولغان ئاخبارات يېزىقچىلىقىغا يېتەكلەڭ. ئاخبارات يېزىقچىلىقىدا چىنلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ يېزىلىش تەرتىپى قانداق بولىدىغانلىقىنى (يەنى ئەڭ دەسلەپتە ۋەقەنىڭ كىم تەرىپىدىن، قانداق، قاچان، قەيەردە ۋە نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكى سۆزلىنىدىغانلىقى، ئاندىن ۋەقە جەريانى پاكىت ئاساسىدا بايان قىلىنىدىغانلىقىنى) چۈشەندۈرۈڭ.

## 40. بالىڭىزغا خەۋەر بىلەن ئوچېرىكنىڭ[7] پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

مەسىلەن، تۆۋەندىكىسى بىر قىسقىچە ئوچېرىك ماقالىسى:[8]

سابىت داموللام 1883- يىلى قەشقەر ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇلباقى بولۇپ، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى.

سابىت داموللام باشلانغۇچ دىنىي تەربىيەنى ئۆزىنىڭ يېزىسىدا ئالغان، كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان. 1910- يىللىرى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇغان. سابىت داموللام 1931- يىلى ئەتىيازدا بىر تەرەپتىن ھەجگە بارغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيا ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن سەپەرگە چىققان. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى

[7] ئوچېرىك ــ ئېپىك ژانىرلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ۋەقە، ھادىسىلەرنى، تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ۋە كونكرېت كىشىلەر پائالىيىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەش بىلەن باشقا ئېپىك ژانىرلار (مەسىلەن، پوۋېست، ھېكايە)دىن پەرقلىنىدۇ («ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» -2 توم -622 بەت).

[8] ئىزاھات: ئەسلى كىتابتىكى ئوچېرىك ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، بەلكى ئۇيغۇرچە ئوچېرىك ماقالىسى بېرىلدى.

داڭلىق ئالىملار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن توختىماي ئىلىم ئۆگەنگەن. كېيىن ئۇ ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېلىپ، خەلقىمىز بىلەن بىرلىشىپ خىتايلارغا قارشى جىهاد قىلىپ، 1933- يىلى 4- ئاينىڭ 5- كۈنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا قۇرغان «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇشقا ياردەملەشكەن، شۇ يىلى 11- ئاينىڭ 12- كۈنى قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى قۇرۇپ، ئۇنىڭ باش مىنىستىرى بولغان.

بالىڭىز باشلانغۇچ مەكتەپ يېشىدا بەلكىم مۇھىم پاكىتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوچېرىكلارنى يازالىشى ناتايىن، لېكىن ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسى بويىچە ياش باسقۇچىغا ماس ھالدا ئوچېرىك يازسا بولىدۇ.

**41. بالىڭىزغا خەۋەر بىلەن ئوچېرىك گەرچە ئىككى خىل پەرقلىق ژانىر بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ئوخشاش تەرەپلىرى بار ئىكەنلىكىنى، بۇنى ئايرىۋېلىشى ۋە دىققەت قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىڭ.**

ئوچېرىك بىلەن خەۋەرنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە يېزىلىدىغان تۇرمۇش، ۋەقە، ھادىسىلەر مۇتلەق راست ۋە ھەقىقىي بولۇشى لازىم. خەۋەرنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى بولغان ئاخبارات پاكىتى، پېرسوناژ، ۋەقە، مۇھىت ۋە ئىدىيەۋىلىك ئوچېرىكنىڭمۇ ئاساسىي ئامىللىرى بولالايدۇ.

ئوچېرىكتىمۇ يۈز بەرگەن ۋەقەلىكلەر تەپسىلىي، جانلىق تەسۋىرلىنىپ، پاكىت كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەندۇرۇلىدۇ. يېزىلىدىغان پاكىتمۇ خەۋەرگە ئوخشاش يېزىشقا ئەرزىيدىغان تىپىك ۋەقە، تىپىك ئادەم، تىپىك شارائىت ۋە تىپىك تەپسىلاتلار بولۇپ، كىشىلەر نۆۋەتتە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە قىزىقىدىغان سىياسىي، ئىدىيەۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك ۋەقە ۋە ھادىسىلەردۇر.

**42. بالىڭىزدىن چوقۇم سىز بىلەن ئوخشاش پىكىردە بولۇشىنى تەلەپ قىلماڭ.**

بالىڭىز ئەسەر يازغاندا چوقۇم سىزنىڭ پىكرىڭىز بويىچە يېزىشىنى شەرت قىلىۋالماڭ. ناچار ئەخلاق، يامان قىلمىشلارنى مەدھىيەلىمىسە ۋە ئۇنى توغرىغا چىقارمىسىلا، ھېچ ۋەقەسى يوق، ئۇنى ئەركىن پىكىر قىلغىلى قويۇڭ. ئۇ ماقالە يازغاندا ئۆز پىكىر - ئىدىيەسىنى پاكىتلار ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈپ، ماقالىسىنىڭ قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرسىلا بولىدۇ.

**43. بالىڭىز مەلۇم ئىشقا نارازى بولغاندا ياكى باشقىلارنىڭ ناچار مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغاندا، ئۇنى قارشى تەرەپكە نەسىھەت خېتى يېزىشقا تەۋسىيە قىلىڭ.**

مەسىلەن، ئەگەر بالىڭىزنىڭ پۇتبول كوماندىسى مۇسابىقىلەرنى شەھەردىكى ئەڭ ناچار توپ مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا، ئەلۋەتتە بالىڭىز ياكى ئۆزىڭىز دادىللىق بىلەن تېلېفون قىلىپ، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭغا نارازى بولغانلىقىڭلارنى ئىپادىلىسەڭلارمۇ بولىدۇ، لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا، خەت يېزىپ نەسىھەت قىلساڭلار ۋە ياخشى تەكلىپ بەرسەڭلار ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بالىڭىزغا چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ. ئەگەر ئۇ قوشۇلسا، سىزنىڭ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ يېزىشىپ بېرىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ.

**44. قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ۋە ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتىكى بىر پارچە نەسىھەت خېتىنى قانداق يېزىش كېرەكلىكى ھەققىدە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىڭ.**

ياخشى يېزىلغان بىر نەسىھەت خېتى ھۆرمەت تەلەپپۇزىدا، سەۋەب - پاكىتلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قارشى تەرەپنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيدىغان، ئىخچام بولۇشى كېرەكلىكىنى بالىڭىزغا ئېيتىڭ.



**45. بالىڭىز بەزى ھەقىقىي ۋەقەلەرنى يېزىش تەجرىبىسىگە ئىگە بولغاندا، ئۇلارغا ھېكايە يېزىشنى تەۋسىيە قىلىڭ.**

مېنىڭچە ھېكايە يېزىش بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىنى كېڭەيتىشىگە ۋە ئەتراپتىكى ئىش - ۋەقەلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. بالىلارمۇ ئادەتتە ھېكايە يېزىشقا قىزىقىدۇ. چۈنكى، بالىلارغا نىسبەتەن ھېكايە يېزىش خۇددى قونچاق ئوينىغانغا ياكى جەڭ ئويۇنى ئوينىغانغا ئوخشايدۇ. بىردىنبىر ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ھېكايە يېزىش قەغەز يۈزىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھېكايە ۋەقەلىكى پۈتۈنلەي بالىڭىزنىڭ كونتروللۇقىدا بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ھېكايە يېزىشقا سەھنە جابدۇقلىرى ياكى كىيىم - كېچەك چىقىمىمۇ كەتمەيدۇ.

**46. بالىڭىزنىڭ دەسلەپكى ھېكايىلىرى بەلكىم ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن.**

بالىڭىزنىڭ دەسلەپكى ھېكايىسى بەلكىم مۇنداقراق سەۋىيەدە بولۇشى مۇمكىن:

«مۇشـۇك ئانـا ئاسـلانچاقـقا بەك كـەچ بولـۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەمـدى كاربۋاتقـا چىقىـپ ئۇخلىشـى كېرەكلىكىنـى ئېيتتـى. ئاسـلانچاق ئاپىسـىدىن بەك خاپا بولـدى. بۇ بەك ئادالەتسـىزلىك بولـدى، چۈنكـى ئۇنىـڭ بارلـىق دوسـتلىرى تېخـى ئۇخلىمىغان ئىـدى».

ئېسـىڭىزدە بولسـۇنكى، ھەرقانـداق داڭلىـق يازغۇچىمـۇ ئەڭ دەسـلەپتە مۇشـۇنچىلىك سـەۋىيەدە يېزىشـتىن باشـلىغان.

**47. بالىڭىـز بىـر قـەدەر ئـۇزۇن ھېكايـە يېزىشـقا باشـلىغاندا، ئۇنىڭغا دىيالوگنى قانداق قوللىنىشنى ئۆگىتىڭ .**


دىيالوگلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايىلەرنى يېزىش بالىلارنىڭ تىل قابىلىيىتى ۋە شەخسلەرنىڭ ھەرخىل خاراكتېرىگە بولغان تونۇش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئۇلارنىڭ ھېكايىسىگە تېخىمۇ سۈپەت قوشىدۇ. يۇقىرىقى ئاسلانچاقنىڭ ھېكايىسىدە ھېچقانداق دىيالوگ كەلتۈرۈلمىگەن بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە مۇكەممەل بىر ھېكايە بولماستىن، بەلكى بىر ھېكايىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى، خالاس. ئۇنداقتا تۆۋەندە بىز دىيالوگنىڭ ئاسلانچاقنىڭ ھېكايىسىگە قانچىلىك سۈپەت قوشىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى:



ــ ھازىر، ــ دېدى مۇشۇك ئانا پەس ئاۋازدا، ــ سىز بىر ئىستاكان سۈت ئىچىڭ، ئاندىن يېنىمغا كېلىپ تۈگۈلۈپ يېتىڭ، مەن سىزگە قىزىقارلىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بېرەي.

ئاسلانچاق سۈتنى ئىچىپ ئانىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ياتتى. ئانىسىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. خېلىلا كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بىرنەچچە دوستلىرى تېخىچە سىرتتا ئويناۋاتاتتى.

ــ لېكىن ئاپا، تېخى بالدۇرغۇ!؟ ــ دېدى ئاسلانچاق ئانىسىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ.



**48. باللارنىڭ ياخشى بىر ھېكايە پۈتتۈرۈپ چىقىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىنتايىن تونۇش بولغان كەچۈرمىشلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىشىدۇر. مەسىلەن، پۈتبول ئويناش ياكى تولىمۇ خۇشاللىققا تولغان بىر قېتىملىق يازلىق لاگېر پائالىيىتى... دېگەندەك.**

بالىڭىز ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەلۇم بىر پائالىيەت ياكى ئېسىدىن چىقمايدىغان مەلۇم بىر كەچۈرمىشنى ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ يازغاندا، بىرىنچىدىن، بۇنى ئىنتايىن

قىزىقىپ يازىدۇ ۋە ئەڭ ياخشى شەكىلدە پۈتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، بۇ ئىشلارنى ئۇ ھەقىقىي بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ھېكايىسى ئىنتايىن جانلىق چىقىدۇ.

**49. بالىڭىز ھېكايە يازغاندا ئامال بار ئۆزىنى بىرىنچى شەخس (مەن) تىلىدا بايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

بالىلار ھېكايىنىڭ باش پېرسوناژىنىڭ ئىش - ھەرىكىتى ۋە ھېسسىياتىنى باشقىلارنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى شۇ ۋەقەلىكنىڭ ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ بايان قىلسا، ھېكايە تېخىمۇ ئەمەلىي ۋە جانلىق چىقىدۇ ھەمدە باش پېرسوناژنىڭ ئەھۋالىنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

بىرىنچى شەخس بايانىنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپى شۇكى، ئۇ بالىلارنى روماندا «پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى»غا ئىگە قىلىدۇ. بالىلار بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەلب سۆزلىرى، پىكىر - خىيالى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ھېكايىگە ئەركىن ھالەتتە تۆكەلەيدۇ.

## تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلار

**50. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بالىڭىزنىڭ مەكتەپ گېزىتخانىسى ياكى ئەدەبىي ژۇرنال بۆلۈمىدە قوشۇمچە خىزمەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.**

بۇ خىزمەتلەر تولىمۇ ياخشى ۋە مەنپەئەتلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىڭىز يېزىقچىلىقتا قىزىقىدىغان ۋە بۇ جەھەتتە تالانتى بار بىر تۈركۈم بالىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىدۇ.

ئەدەبىي ژۇرنال بۆلۈمىدە نەشر قىلىنغان گېزىت - ژۇرناللار بەلكىم كەسپىي ئۆلچەمدىن يىراق بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا نەشر قىلىنىش ۋاقتىمۇ تۇراقسىز بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇلار مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، بۇ گۇرۇپپىغا قاتناشقان ياشلار ئۆزىنى يازغۇچىلىق ساھەسىگە قەدەم باسقانلار دەپ قارايدۇ ھەمدە ھازىرچە ساۋاقداشلىرى ئۈچۈن، كەلگۈسىدە بولسا خەلق ئۈچۈن يازغۇچىلىق سالاھىيىتى ھازىرلايدىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرگە ئىگە بولىدۇ.

**51. بالىڭىزنىڭ رەسمىي ھالدا كەسپىي قابىلىيەت يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم قىلىڭ.**

ئەگەر بالىڭىز ئۆزىنىڭ يازماقچى بولغان ئەسىرىدە مەلۇم بىر مۇھىتنى ئىپادىلىمەكچى ياكى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەلۇم بىر مەسىلىنى يورۇتماقچى (مەسىلەن، ئۆي - ماكانسىز

قىلىش ياكى مۇھىت مەسىلىسى...) بولسا، تەتىل ۋاقىتلىرىدا شۇنداق مۇھىتلارغا ئايرىپ ماتېرىيال توپلىشىغا ياكى شۇنداق ئەترەتلەرگە قوشۇپ قويۇشقا تىرىشىڭ. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇھىتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشى ۋە شۇلارنىڭ ھاياتىغا چۆكۈشى ئۇنى ئۆزى ئويلىغان ۋە يازماقچى بولغان نۇرغۇن قىممەتلىك خام ماتېرىيال ۋە پىكىرلەرگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ھەتتا سىياسىي تەشكىلاتلارغىمۇ ماس كېلىدۇ.

## 52. بالىڭىز تەتقىقات ماقالىسى يازماقچى بولسا، ئۇنىڭغا ئىنتېرنېتتىن قانداق پايدىلىنىش ۋە قانداق ماتېرىيال توپلاشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ.

بالىڭىز ئىلمىي ماقالە ياكى تەتقىقات ماقالىسى يازماقچى بولسا، ئۇنىڭ پەقەت ئەڭ داڭلىق ۋە ئەڭ ئېسىل ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەنگەن تور بېكەتلەردىن پايدىلىنىشىنى شەرت قىلىڭلار. ئۇ دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسى يازمايدۇ، بەلكى پەقەت تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ بىر تارىخ ئىلمىي ماقالىسىنى يازىدۇ، خالاس. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئۆگەنمەكچى بولغىنى مەركىزىي ئىدىيەنى بەلگىلەش، ئۇچۇرلارنى تۈرگە ئايرىش، ئۇلارنىڭ باش - ئاخىرىنى چىنلىق بىلەن تېپىپ چىقىش ۋە ئاخىرىدا ئۇلارنى توپلاپ رەتلەپ يېزىپ چىقىشتۇر.

ئىنتېرنېت تورى يەنە قانداق ئۇچۇرلارنى نەقىل سۈپىتىدە كەلتۈرۈش (ئەسلىي مەنبەمۇ، كۆز قاراشمۇ ياكى ئەخلەت ئۇچۇرلارمۇ)، قايسىلىرىنى بەت ئاستى ئىزاھاتى قىلىپ يېزىشنى ئۆگىنىشتە بالىڭىزغا ياخشى ياردەمچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ماقالىدە پايدىلانغان مەنبەلەرنىڭ ئېنىق ئادرېسىنىمۇ ئىنتايىن قىسقا مۇددەت ئىچىدە تېپىپ بېرىدۇ. ئىنتېرنېت تورى بۇ جەھەتتە بالىڭىزنىڭ كۆپ ۋاقتىنى تېجەلەيدۇ.



**53. بالىڭىزنىڭ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى ماقالىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىشى ئۈچۈن، ئىمتىھاندىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىڭ.**

ئالىي مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئىمتىھانى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە سۈپەتلىك بىر ماقالىنى سۇنۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە كېلىپ، يېزىلغان ماقالە ئىجادىي ۋە تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا بىر ئىچىنىشلىق ياكى ئاجايىپ ۋەقە بايان قىلىنىشى مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى چوقۇم ئىلغار پىكىر ياكى يېڭىچە ئىدىيە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، سۆز - جۈملىلىرىنىڭ باش - ئاخىرى ماسلاشقان ۋە راۋان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

**54. بالىڭىزنىڭ مەكتەپتە چوقۇم ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىۋالماڭ.**

بەزى ئوقۇغۇچىلار تولىمۇ تىرىشچان بولىدۇ ۋە مەكتەپتە يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئوقۇيدۇ. ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىزمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولسا، بۇ ئەلۋەتتە تولىمۇ ياخشى ئەھۋال، سىز ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ھوزۇر ھېس قىلىسىز.

لېكىن، بالىڭىز مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ باشقا ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشقا قىزىقسا ياكى ئىجادىي نەرسىلەرنى ياساشنى بەكرەك ياخشى كۆرسە، مېنىڭچە بۇمۇ ناھايىتى ياخشى ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بالىڭىزنى مەكتەپتىكى دەرسلەردە چوقۇم شەرەپلىك نەتىجىلەرنى قازىنىشقا مەجبۇرلىماڭ ۋە ئەلا نەتىجىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلىۋالماڭ. ئەگەر سىز بالىڭىزنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرغا ئىگە يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى خالىسىڭىز، شۇنى بىلىڭكى، ياخشى بىر ماقالىنى يېزىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە زېھنىي كۈچ كېتىدۇ. لېكىن، ھەر دائىم ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئىچىدە ياشايدىغان بالىلاردا بۇنداق زېھنىي كۈچ بولمايدۇ ھەمدە بۇنداق ئېغىر بېسىم مۇنەۋۋەر يازغۇچىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئىشەنچ تۇيغۇسى ۋە جاسارەتنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، مەن ئاتا - ئانىلارنىڭ ئېغىر بېسىمى ئىچىدە ياشايدىغان بالىلارنىڭ مەكتەپ تاپشۇرۇقلىرىنى ياخشى ئىشلەشكىمۇ روھىي كۈچ ۋە زېھنىي قۇۋۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. بېشىمدىن ئۆتكەن تەجرىبە نەتىجەم شۇكى، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىغا بېسىمى قانچە چوڭ بولسا، تاپشۇرۇقنىڭ توغرىلىق دەرىجىسى ۋە سۈپىتىمۇ شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ.

سىز بالىڭىزنىڭ ھەرقانداق ئىجابىي ئىش - ھەرىكىتىنى قىزغىن قوللىشىڭىز كېرەك، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ يېشى چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، بىۋاسىتە بېسىمىڭىز ئۈنۈمى بارغانسېرى ناچارلىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىجادىي مەشغۇلاتلىرىدىن ھۇزۇرلىنىڭ. لېكىن «ھۇزۇرلاندىم» دەپ، ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كۆزىتىپ كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىشقا بولمايدۇ. گەرچە سىزنىڭ بۇ قىلمىشىڭىز دەماللىققا ياخشى نەتىجە بەرگەندەك قىلغان بىلەن، لېكىن يىراقنى كۆزلىگەندە، كەلگۈسىدە سىزگە ۋە بالىڭىزغا زىيان كەلتۈرۈشى ئېنىق.




## يېزىقچىلىق سۈپىتىنى ئاشۇرىدىغان ئىش - پائالىيەتلەر

**55. بالىڭىزغا ئائىلىدە ياخشى بولغان يېزىقچىلىق مۇھىتى شەكىللەندۈرۈپ بېرىڭ.**

ئامال بار بالىڭىزغا مەخسۇس يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايرىم بىر ئورۇن تەسىس قىلىپ بېرىڭ، يېنىدا كىتاب تەكچىسى، ئىش ئۈستىلى، قەلەمدان ۋە دەپتەر - قەلەملىرى بولسۇن.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئائىلىڭىزدە سۆز قالدۇرۇش خاتىرىسى ۋە قەلەم قويۇپ قويۇڭ. بالىڭىز ئۆزىنىڭ قەلب سۆزلىرىنى، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى ياكى سىزگە دېمەكچى بولغانلىرىنى شۇنىڭغا يازسۇن. سىزمۇ بالىڭىزغا بولغان تىلەكلىرىڭىز ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىڭىزنى شۇ يەرگە يېزىپ قويۇڭ.

**56. ئەگەر سىز ئائىلە كومپيۇتېرى سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئۈستەل كومپيۇتېرى ئەمەس، بەلكى خاتىرە كومپيۇتېر (لەپتوپ) سېتىۋېلىشنى ئويلىشىڭ.**

خاتىرە كومپيۇتېر خىزمەت قىلىشقا تېخىمۇ قولايلىق. بالىڭىز ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئورۇندا ئولتۇرۇپ بىر ھېكايە ياكى كۈندىلىك خاتىرە يازماقچى بولسا، ئۇنى كۆتۈرۈپلا ئۆزى خالىغان ئۆيگە ياكى ھويلىغا ئېلىپ چىقىپ يازسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بويى پاكار ئادەملەرگە ياكى بالىلارغا نىسبەتەن ئۈستەل كومپيۇتېرى ئۇلارنى سەل بىئارام قىلىدۇ.

**57. ئەگەر ئىقتىسادىي شارائىتىڭىز يار بەرسە، قۇرامىغا يېتىپ قالغان بالىڭىزنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن مەخسۇس بىر خاتىرە كومپيۇتېر سېتىۋېلىڭ.**

بۇ سۆزۈم دەماللىققا سىزگە بەك مۇۋاپىق ئاڭلانماسلىقى مۇمكىن. بالىڭىزنىڭ كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناپ ياكى بىھۇدە ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرىسىڭىز، ئەرزان باھالىق، تۆۋەن سەپلىملىك ياكى نىمكەش كومپيۇتېر ئېلىپ بەرسىڭىز، بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىق ۋە ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى ھەمدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلىشى ئۈچۈن تولىمۇ پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ، بۇ مۇئەييەن نازارەت ۋە تۈزۈم ئاستىدا بولۇشى كېرەك.

**58. بالىڭىزغا ئائىلە تارىخىنى خاتىرلەتكۈزۈڭ، ئاندىن بەزى مەزمۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى چاپلاپ بېرىڭ ۋە ئۆزىڭىزنىڭمۇ قىسقىچە بايانلىرىنى قوشۇپ قويۇڭ.**

ھېيت - بايراملار، كۆڭۈللۈك ساياھەتلەردە تارتىلغان رەسىملەر (ئەگەر كومپيۇتېردا ساقلانغان بولسا ۋىدىيولار) بۇ خاتىرە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. چاپلىنىدىغان رەسىملەرنىمۇ ئامال بار بالىڭىز بىلەن بىللە

ئۆلتۇرۇپ مەسلىھەتلىشىپ چاپلاڭ.

بالىڭىزنىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، سىز ئۇنى ئائىلە تارىخىنى خاتىرىلەشتىن باشقا، ئۆزىنىڭ تارىخىنىمۇ يېزىپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرسىڭىز بولىدۇ.

**59. بىر قېتىملىق ھېيتلىق زىياپەت ياكى ساۋاقداشلار يىغىلىشى تەشكىللەپ، ئاندىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بالىڭىز ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇچۇن كوللېكتىپ ھېكايە يېزىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىڭ ھەمدە ئەڭ ياخشى ھېكايىنى تاللاپ، مۇكاپات بۇيۇمى تارقىتىپ بېرىڭ.**

مەن ئادەتتە ئۆزۈمنىڭ تىل - ئەدەبىيات دەرسىمدە دائىم مۇشۇنداق پائالىيەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن، چۈنكى بالىلار ئادەتتە بۇنداق ئويۇنغا بەك ئامراق كېلىدۇ.

ئالدى بىلەن ئۈچ ياكى تۆت بالىنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىڭ. ھەربىر بالىغا بىرنەچچە ۋاراق قەغەز بېرىڭ، ئاندىن: «ھازىر بىرىنچى ۋاراقنى ئېلىپ، ئۆزۈڭلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان رەڭنى يېزىڭلار، ئاندىن يەنە بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۆزۈڭلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكنى يېزىڭلار» دەڭ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تەنتەربىيە پائالىيىتى، ئويۇن ياكى يەر نامىنى يازسۇن، ئاندىن بارلىق قەغەزلەرنى ئوخشاش شەكىلدە قاتلاتقۇزۇپ، بىر چوڭ قۇتىغا سېلىپ چايقىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتا تارتىشقا بۇيرۇڭ.

كىمنىڭ قولىغا قايسى تېما چىققان بولسا، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى بىرىنچى بالا شۇ تېما ئاساسىدا بىرىنچى شەخس تىلىدا (يەنى «مەن كاۋاپ يېيىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم» ياكى «مەن پۇتبول تېپىشكە بەك ئۇچ» دېگەندەك) بىر جۈملە تۈزسۇن. ئاندىن يېنىدىكى ساۋاقدىشىغا بەرسۇن، ئۇ ساۋاقدىشى ئالدىدىكى بالىنىڭ يازغان جۈملىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر جۈملە يازسۇن. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ تېما ھەققىدە بىر

گۆرۈپپىدىكى باللار بەش مىنۇت (ئەھۋالغا قاراپ 10 - 15 مىنۇت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ) ئىچىدە بىر ھېكايە يېزىپ چىقسۇن.

ۋاقىت توشقاندىن كېيىن سىز ھەربىر گۆرۈپپىدىكى بىرەيلەنگە ئۆزلىرىنىڭ يازغان ھېكايىسىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇتقۇزۇڭ، ئاخىرىدا باللارنىڭ ئورتاق ئاۋازى ئارقىلىق ئەڭ ياخشى يېزىلغان ھېكايىنى تاللاپ چىقىپ مۇكاپاتلاڭ.

بۇ خىل ئويۇن خاراكتېرىدىكى پائالىيەت بىر تەرەپتىن باللارنى يېزىقچىلىقنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەپەككۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

**60. بالىڭىزغا ئىنتېرنېتتىن باللار ئەسەرلىرىگە ئائىت تور بەتلەرنى تېپىپ بېرىڭ.**

بەزى تور بەتلەر ئۇچۇرىغانلىكى كىتاب - ماقالىلەرنى ئېلان قىلىۋېرىدۇ، لېكىن بەزى تور بەتلەر تالاپ، قىممىتى بارلىرىنى چىقىرىدۇ. بالىڭىزغا سۈپەتلىك تور بەتلەرنى تېپىپ بېرىڭ، ئۇ مۇشۇ تور بەتلەردە ئېلان قىلىنغان باللار ئەسەرلىرىنى ئوقۇسۇن. بەلكىم مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭمۇ قىزىقىشى قوزغىلىپ، ئۆزى يازغان ھېكايە - ماقالىلەرنى تور بەتلەرگە ئەۋەتىشى مۇمكىن.

**61. بالىڭىزنى ماقالە يېزىش مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇڭ ياكى باللار ژۇرنىلىغا ئەسەر ئەۋەتىشكە قىزىقتۇرۇڭ.**

مېنىڭ بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىم ئۆزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ خېلى نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغانلىقىنى ھاياجانلانغان ھالدا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىشى كىشىنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ياش يازغۇچىلىرىمىز ئۆزىنى ھەقىقىي يازغۇچىلار سېپىگە قوشۇلغاندەك ھېس قىلىدۇ.

بالىڭىزنىڭ يازغان ئەسەرلىرىگە قارىتا، بۇنى ھەرقايسى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا (مەسىلەن، مەكتەپنىڭ ئەدەبىي ژۇرنىلى ياكى شەھەر - بازار گېزىتلىرى دېگەندەك)، ئەگەر تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەر بولسا خەلقئارالىق ژۇرناللارغا ئەۋەتىشكە رىغبەتلەندۈرۈڭ. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىش پۇرسىتى كۆپ بولىدۇ.

**62. بالىڭىزنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشر قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ.**

ئەگەر شارائىتىڭىز يار بەرسە، بالىڭىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ژانىرى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، «ھېكايىلەر توپلىمى» ياكى «شېئىرلار توپلىمى» قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ بېرىڭ. ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ياكى توردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرگە قارىغاندا، رەسمىي كىتاب قىلىپ تۈزۈلۈپ، كىتابخانىدا ئورۇن ئالغان ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.



يەنە كېلىپ، بالىڭىزنىڭ بۇ كىتابلىرى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىگە ھەدىيە قىلىنىدىغان ئەڭ ياخشى سوۋغىتى بولۇپ قالىدۇ.

**63. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەربىر يازغۇچىنىڭ يېزىش ئادىتى ئوخشاش بولمايدۇ.**

بەزى يازغۇچىلار بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا ئەسەر يازىدۇ؛ بەزى يازغۇچىلار بىردەم بۇ ئەسەرنى، يەنە بىردەم ئۇ ئەسەرنى يازىدۇ؛ يەنە بەزى يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ شارائىت ۋە ئەھۋالىغا قاراپ بىرنەچچە ئەسەرنى بىراقلا پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەلۇم بىر تېمىدا يېزىشنى ئارزۇ قىلىپ ماتېرىيال توپلاپ، لېكىن يازالمىغان ياكى يېرىم يولدا تاشلاپ قويغان يازغۇچىلارنىڭ قوليازمىلىرىمۇ ئاز ئەمەس.

بالىلارمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. بەزى بالىلار بىرەر ماقالىنى يېزىشقا باشلىغان بولسا، ئۇنىڭغا تەلۋىلەرچە كىرىشىپ كېتىدۇ؛ بەزى بالىلار بىردەم رومان، بىردەم شېئىر، يەنە بىردەم كۇندىلىك خاتىرە يازىدۇ؛ يەنە بەزىلەر بارلىق ئەسەرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا تۈگىتىۋېتىشنى ئويلايدۇ. بۇ ئادەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. مۇھىمى، بالىڭىز يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن يالتىيىۋالمىسىلا بولىدۇ.



# مەكتەپ تاللىغاندا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار

ئەسكەرتىش: ئاتا - ئانىلار ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە مەكتەپ تاللىيالماسلىقى مۇمكىن. لېكىن مېنىڭچە ئاتا - ئانىلارنىڭ تەسىر كۈچى ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدىن چوڭ بولىدۇ. كۆپ ساندىكى مەكتەپ مۇدىرلىرى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. مەن تۆۋەندە يېزىقچىلىق قىزغىنلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان مەكتەپلەرنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن، بۇنداق بولغاندا سىز بالىڭىز ئۈچۈن قانداقراق مەكتەپ تېپىشىڭىز كېرەكلىكىنى ھەمدە بۇ مەكتەپلەردە يېزىقچىلىق تەربىيەسىگە ئىلھام بېرىدىغان قانداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيسىز.

## 64. ئىللىق، كۆيۈمچان ئوقۇتقۇچىلارنى ئىزدەڭ.

بۇ ــ مەكتەپ تاللاشتىكى ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. بىر مېھرىبان ئوقۇتقۇچى ئەڭ جاھىل ئوقۇغۇچىدىمۇ يېزىقچىلىق ئىلھامى يېتىلدۈرەلەيدۇ، شۇنداقلا يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىسىل ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، دەرس كەيپىياتىنى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى دەرسكە ئالاھىدە قىزىقتۇرالايدۇ. يېزىقچىلىق بولسۇن ياكى باشقا ساھە بولسۇن، ھەربىر بالىنىڭ مىجەزى ۋە پىسخىكىسى بويىچە مۇئامىلە قىلغاندا، ئەڭ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

## 65. ئامال بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى ئاز، دەرس سۈپىتى يۇقىرى مەكتەپنى ئىزدەڭ.

ئوقۇغۇچىلار قانچە ئاز بولسا، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇشقا شۇنچە كۆپ ۋاقىت ئاجرىتالايدۇ. كۆپ ساندىكى ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بەك كۆپ بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار يېزىقچىلىق تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە يېتەرلىك ۋاقىت ئاجرىتالمايدۇ. بۇنداق مەكتەپلەردە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ قىلىدىغان خىزمەتلىرى ئىنتايىن كۆپ: ياردىمىگە موھتاج بولۇپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلار، تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان شەھەر دەرىجىلىك باھالاش تەلەپلىرى، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يىغىنلار ۋە كەسپىي تەرەققىيات دەرسلىكلىرى... ئوقۇتقۇچىلار مۇشۇنداق ئىشلارغا يېتىشىپ بولالماي ھېرىپ ھالىدىن كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ قانداقمۇ ھەر ھەپتىدە 20 ـ 30 سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىسىگە ئەستايىدىل باھا بېرەلىسۇن؟! ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ.

## 66. بالىڭىز ئۈچۈن دەرس ئۆتۈش مېتودى ۋە يېڭىچە تەربىيە ئۇسلۇبىغا بىرقەدەر ئەركىنلىك بېرىلگەن مەكتەپنى ئىزدەڭ.

بالىڭىزدا مۇنەۋۋەر يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈنچىۋالا ئاسان ئەمەس. ھەربىر بالا بىلەن ھەربىر ئوقۇتقۇچى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلغار ئوقۇ - ئوقۇتۇش مېتودىغا ئىگە، بالىلارغا ئەڭ پايدىلىق ۋە ئۈلگىلىك ياقتۇرۇپ



ئىشلەيدىغان تاپشۇرۇقلارنى بېرىدىغان، ئۇلارنى ھەمىشە يېڭىلىق يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىدىن تەشكىللەنگەن مەكتەپنى تاللاڭ، شۇنداق مەكتەپتە ئوقۇتۇشنى ئۈمىد قىلىسىز، ئەلۋەتتە.

**67. ئوقۇغۇچىلارنى ئىختىيارى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەيدىغان ۋە قوللايدىغان مەكتەپنى ئىزدەڭ.**

كىتاب ئوقۇش ئادىتى ھەرقايسى دەرسلەردە، بولۇپمۇ يېزىقچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغاچقا، ئوقۇغۇچىلارغا مەخسۇس ئىختىيارى كىتاب ئوقۇش ۋاقتى ئاجرىتىپ بېرىدىغان ياكى ئۇنى دەرس قاتارىغا كىرگۈزىدىغان مەكتەپنى ئىزدەشكە تىرىشىڭ. كۆپ ساندىكى بالىلار زور ئىلھام ۋە قوللاشقا ئېرىشكەندىلا، ئاندىن ئۆزلۈكىدىن كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. ئاتا - ئانىلار ئائىلىدە بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، مەكتەپمۇ بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرسە، بالىنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقىشى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

كىتاب ئوقۇشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەكتەپ تۈزۈلمىسىدىكى ئەڭ ناچار ئىشلاردىن بىرى ــ بەلگىلەنگەن كىتابلارنى بالىلارنىڭ بىردىن - بىردىن ئوقۇپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتۇر. شۇڭا بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ئىلغار مەكتەپلەر بولسا، ئىختىيارى كىتاب

ئوقۇش دەرسى ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى كۆڭۈللۈك خاتىرە يېزىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان، كىتاب ئوقۇش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇپ، مۇكاپاتلاش ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئوقۇغۇچىلارنى كىتاب ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن يېڭىچە ئۇسۇللار ھەققىدە ئىزدىنىدىغان مەكتەپلەردۇر.

**68. ئىجادىي يېزىقچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدىغان مەكتەپ ئىزدەڭ.**

شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، ئوقۇغۇچىلار پەقەت مەكتەپنىڭ ماقالە يېزىش تاپشۇرۇقى بىلەنلا كۇپايىلەنسە، يېزىقچىلىقنى ياخشى ئۆگىنەلمەيدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم قولنىڭ ئۈچىدىلا يېزىپ قويغان ئەمەس، بەلكى ھەر جەھەتتىن سۈپەتلىك يېزىلغان ئەسەردۇر، ئەلۋەتتە.

باللارنى پەقەت ئەركىن - ئازادە ۋە دادىل ھالدا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئىپادىلەشكە رىغبەتلەندۇرگەندىلا، يېزىقچىلىق ئۇلارغا نىسبەتەن ھەم ھاياجانلىق تۇيغۇ بېرىدۇ، ھەم ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ - دە، ئۇلار راۋان ۋە گۈزەل تىل ئىشلىتەلەيدۇ.



**69. ھەقىقىي بىر يازغۇچىغا مۇئامىلە قىلغاندەك تەربىيە ئۇسۇلىغا ئىگە مەكتەپ ئىزدەڭ.**

سىز ئەلۋەتتە بالىڭىز ئوقۇۋاتقان مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ تۇرۇشىنى،

«قەلەمكەشلەر يىغىلىشى» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىنى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېزىت ۋە ئەدەبىي ژۇرناللارنى نەشر قىلىشىنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىسىز. بەزى مەكتەپلەر بۇ ئىشلارغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن، بەزىدە شۇ جايدىكى بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرىنى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ لېكسىيە سۆزلەتكۈزىدۇ ياكى ئوقۇغۇچىلار يازغان نادىر ماقالىلەرنى ئوقۇتۇپ، ئۇ يازغۇچىلارنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى ئالىدۇ.

## 70. يازما ئەسەرلەرگە نومۇر قويۇش ئۆلچىمى بەك چىڭ مەكتەپلەردىن ساقلىنىڭ.

نومۇر قويۇش ئۆلچىمى بولسا يېزىقچىلىقنى باھالايدىغان بىر سىستېمىدۇر. مەسىلەن، سىزنى بىر ئوقۇتقۇچى دېسەك، سىز 6-يىللىقتىكى بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھېكايىسىنى كۆرۈپ، ئاندىن: «ھىم، ئەگەر بۇ ھېكايىگە نومۇر بېرىش توغرا كەلسە، ھېكايە مەزمۇنىغا 10 نومۇر، جۈملە باغلىنىشىغا 20 نومۇر، تەسۋىرگە 25 نومۇر، جەمئىي 55 نومۇر بولىدىكەن» دېيىشىڭىز مۇمكىن.

گەرچە بۇ خىل نومۇر قويۇش قىسمەن ۋاقىتلاردا بولىدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن مېنىڭچە يۇقىرى سۈپەتلىك تەربىيە ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارغا ماس كەلمەيدۇ.

ھالبۇكى، ھېچقانداق ئىزاھات ياكى تەكلىپ - پىكىر بېرىلمەستىن، پەقەتلا نومۇر قويۇپ قويۇشنىڭ ئەڭ ناچار يېرى شۇكى، بۇنداق قىلىش ياش يازغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بىر پارچە ماقالە گەرچە ئانچە ياخشى يېزىلمىغان بولسىمۇ، ھامان ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك بەزى تەرەپلىرى بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىنىڭ نۇرغۇن جاپاسى ۋە باش قاتۇرۇشى سىڭگەن بولىدۇ. قەلەم قۇۋۋىتى ئاجىز ئوقۇغۇچىلار نۇرغۇن جاپا تارتىپ ۋە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئادەتتىكى بىر ماقالىنى يېزىشى مۇمكىن، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار بولسا ھېچقانچە كۈچىمەيلا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ۋە ھاياجانغا سالىدىغان ياخشى

بىر ئەسەرنى پۈتتۈرۈشى مۇمكىن. لېكىن، بۇلارنىڭ قىممىتى يەنىلا شۇ 100 نومۇرلۇق ئۆلچەم.

پەقەتلا نومۇر قويۇش ئۆلچىمىنى ئىشلىتىش بالىلارنىڭ ئۆزگىچە قارىتا تۈزىتىش ئېڭىنى يېتىلدۈرمەستىن، بەلكى باشقىلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە يېزىقچىلىق قىلىشقا تىرىشىش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**71. ئەگەر سىز بالىڭىزنى يېزىقچىلىق ئوقۇتۇشى ناچار ياكى يېزىقچىلىق دەرسى ئۆتمەيدىغان مەكتەپتە ئوقۇتۇشقا مەجبۇر بولغان تەقدىردىمۇ، ھېچبولمىغاندا بالىڭىزغا يامان تەسىر بەرمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى ئىزدەڭ.**

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، نۇرغۇن مەكتەپلەر بالىلارنىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. سەۋەبى، بۇ مەكتەپتىكى تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ يېزىقچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ ياكى ئادەتتە يېزىقچىلىق بىلەن ئانچە شۇغۇللانمايدۇ. بۇ خۇددى پۇتبول تىرېنېرلىرى پۇتبولنى ياخشى كۆرمىگەن ياكى تېببىي ئىنستىتۇت پىروفېسسورلىرى دوختۇرخانىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە ئۆچ بولغان ئەھۋالغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، باشقىلارغا مەلۇم بىر پەننى ئۆگىتىدىغان ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېچ بولمىغاندا شۇ پەنگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە قىزغىنلىقى ۋە كەسپىي بىلىمى بولۇشى كېرەك.

بىر مۇئەللىمنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلغان - قىلمىغانلىقىغا قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەك؟

ئوقۇغۇچىلارنى كۆزىتىش لازىم. ئەگەر بالىڭىز مەلۇم دەرسنىڭ تاپشۇرۇقىنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئىشلىسە، گەرچە سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە بۇ تاپشۇرۇقلار ناھايىتى بىمەنە تۇيۇلغان تەقدىردىمۇ، بۇ دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆيۈنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزى

ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلىرىنى نومۇر قويۇش ئۆلچىمى ۋە زېرىكىشلىك گىراماتىكا مەشىقلىرىگىمۇ قىزىقتۇرۇۋېتەلەيدۇ. بەلكىم، بالىڭىز باشقا ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇيالىغانلىقى سەۋەبلىك ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاز بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەڭ مۇھىمى، بالىڭىزنىڭ روھىيىتى زىيانكەشلىككە ئۇچرىمىدى. ئەكسىچە، بالىڭىز مەلۇم بىر پەندىن قورقسا، تاپشۇرۇقلىرىغا قىزىقمىسا، ھەتتا ئىشلىمىسە، دېمەك، بۇ دەرس ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا كۆيۈنۈشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلىنىڭ تۈپكى سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىڭ. ئاتا - ئانىلار يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە، مۇشۇ مەسىلىلەرنى ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇڭ ھەمدە بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلاش ئۈچۈن، سىزنىڭ قايسى جەھەتتىن ياردەم قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ۋە مۇئەللىملەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا قانداق ياخشى ئۇسۇلى بار ئىكەنلىكىنى سوراڭ.

ئەگەر مۇئەللىم سىزنىڭ ئورۇنلۇق تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىپ، ئوقۇتۇش ئۇسلۇبىدا ياخشىلىنىش بولسا، ئۆزىدىكى خاتالىقنى تونۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆيۈنسە ۋە ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ئىلھام بەرسە، بۇ تولىمۇ ياخشى ئەھۋال بولىدۇ - دە، بۇ ۋاقىتتا بۇ مەسىلىنى داۋاملىق سۈرۈشتە قىلىشتىن توختىسىڭىز بولىدۇ. ئەكسىچە، مۇئەللىم سىزنىڭ ئورۇنلۇق تەكلىپىڭىزنى قوبۇل قىلىشنى خالىماي، بالىڭىز داۋاملىق چۈشكۈن بولسا، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرسىگە بولغان قىزىقىشى داۋاملىق سوسلاپ كەتسە ياكى مەكتەپكە ئۆچ بولۇپ قالسا، سىز دەرھال مەكتەپ مۇدىرىنى ئىزدەپ، بۇ ھەقتە پاراڭلىشىڭ، ھەتتا كېرەك بولسا ئوقۇتقۇچىنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىڭ. گەرچە سىز مۇدىر بىلەن پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىنى ئالماشتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا مەكتەپ مۇدىرىغا بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىز ۋە كۆيۈمسىز ئىكەنلىكىنى مەكتەپ مۇدىرىغا بىلدۈرۈپ قويىدىڭىز. ئاتا - ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق تەكلىپ - پىكىرلىرى قانچە كۆپ

بولسا، دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزىنىڭ دەرس ئۆتۈش مېتودىنى شۇنچە ياخشىلايدۇ ۋە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە شۇنچە جان كۆيدۈرىدۇ.



# يېزىقچىلىقتا قىينىلىدىغان بالىلار

**72. ئالدى بىلەن، بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىقتا قىينىلىشىنىڭ كونكرېت سەۋەبىنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشىڭ.**

بەزى بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇششاق ھەرىكەتلىرىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ، شۇڭا جىم ئولتۇرۇپ، دىققىتىنى يىغىپ خەت يازالمايدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بالىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش سۈرئىتى ئاستا بولىدۇ، بۇمۇ ئۇلارنىڭ يېزىقچىلىقتا ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كەيپىياتى ناچار بالىلارمۇ دائىم بىرەر نەرسە يېزىشتىن قورقىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ئامال بار يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، قەغەز يۈزىگە چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۆگىنىشتىكى توسالغۇ ياكى ھەرخىل بېسىملار بالىلارنىڭ يېزىقچىلىققا ئىنتىلگەن دەسلەپكى مەزگىلىنىڭ زىيادە قالايمىقانلىشىشى ۋە ئوقۇشىنىڭ تەسلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ھەتتا بالىلارنىڭ روھى چۈشۈپ، قايتا سىناپ بېقىشنى خالىماسلىقنى كەلتۈرۈپ

چىقىرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىڭىز يېزىقچىلىقنى باشلىغان دەسلەپكى ۋاقىتتىلا باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىگە ياكى بېسىمىغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھەممە نەرسىدىن بىزار بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**73. بالىڭىزنىڭ قانچىلىك ۋاقىتنى كىتاب ئوقۇش ئۈچۈن ئاجرىتىدىغانلىقىنى كۆزىتىڭ. ئەگەر بالىڭىز كىتابنى كۆپ ئوقۇمىسا، ئۇنداقتا بۇنى ئۇنىڭ يېزىقچىلىققا قىزىقماسلىقىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ.**

كىتاب ئوقۇشى بەك ئاز بولغان بالىلار ئادەتتە يېزىق تىلىنى ئەمەس، بەلكى ئېغىز تىلىنى ئۆزلىرىنىڭ تىل ئاساسى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى چېچىلاڭغۇ، سۆزلىرى تاغدىن - باغدىن، يازغان ماقالىلىرىمۇ ھەممىشە تېمىدىن چەتنەپ كەتكەن جۈملىلەر بىلەن تولغان، سۆز ئىملالىرى ئىنتايىن خاتا بولىدۇ. ئۇلار «ئاچ» (ئىشكنى ئاچ) بىلەن «ئاش» (ئاش پىشتى) قا ئوخشاش ئېيتىلىشى بىر - بىرىگە يېقىن بولغان سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. (چۈنكى بۇ ئىككى سۆز يېزىقتا پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە يېقىن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.) بەزى ۋاقىتلاردا بالىلار ئىنتايىن ئېغىر ياكى تولىمۇ كۈلكىلىك خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قويىدۇ. مەسىلەن: «ئۇلار بىر - بىرىگە سۇ چىچىپ ئوينىدى» دەپ يازىدۇ. ھالبۇكى، «چېچىپ» دېسە توغرا بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ سۆزلۈك مىقدارى ناھايىتى كەمچىل بولغاچقا، تېكىست ئىچىدە نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قوللىنىدىغان ئەھۋال بەك كۆپ يۈز بېرىدۇ.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى كۆپ كىتاب ئوقۇشتۇر. بالىڭىز كىتابنى قانچە كۆپ ئوقۇسا ۋە قانچە ھېرىسمەن بولسا، ئۇنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەسىمۇ شۇنچە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

**74. ئەگەر بالىڭىز خەتنى چىرايلىق يازالمىسا، ئۇنىڭغا ھۆسنخەت مەشىق دەپتىرى ئېلىپ بېرىڭ.**

بەزىدە ئوقۇغۇچىلىرىم ماڭا ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا خەت يېزىشقا تولىمۇ ئۆچ ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئوقۇتقۇچىلىرى دائىم ئۇلارنىڭ خېتىنىڭ سەت، ئىملالىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىدىن خاپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بالىلار خەتنى قەستەن سەت يازمايدۇ، بەلكى ئۇلار دەسلەپتە خەت يېزىشنى ئۆگەنگەندە، ھۆسنخەت مەشىقىنى ياخشى قىلمىغان ياكى خەت يېزىشنى كۆپ مەشىق قىلمىغان ۋە ياكى ئۆزى ناھايىتى ئەقىللىق، ئىنكاسى بەك تېز بولغانلىقى ئۈچۈن، يېزىش سۈرئىتى ئىنكاسىغا يېتىشەلمەيدۇ — دە خەت يېزىشقا قىزىقمايدىغان بولۇۋالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بالىڭىزغا ھۆسنخەت دەپتەرلىرى ياكى ئىزلاپ يېزىش كىتابى ئېلىپ بېرىڭ، بولۇپمۇ ئەڭ دەسلەپتە خەت يېزىشقا قىزىققان ۋاقىتلىرىدا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇڭ.

**75. بالىڭىز سۆزلەرنى توغرا يازالمىسا، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ.**

سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنىڭ توغرا بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. مەسىلەن، يۇقىرىدا مىسال ئالغىنىمىزدەك، كۆپىنچە بالىلارغا نىسبەتەن «چېچىش» بىلەن «چېچىش»نىڭ، «ئۆسۈش» بىلەن «ئۇسۇش»نىڭ پەرقىنى ئايرىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بەزىدە ئىنتايىن ئەقىللىق بالىلاردىمۇ ئىملانى خاتا يازىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ، سەۋەبى ئۇلار ئۆزى يېزىۋاتقان تېكىستنىڭ پەقەت تەپسىلاتىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىملانىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئانچە مۇھىم ئەمەس دەپ قارايدۇ.

بالىڭىزنىڭ ئىملا خاتالىقىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇنى كۆپ كىتاب ئوقۇش ۋە گىراماتىكىنى ياخشى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇشتىن سىرت يەنە، كومپيۇتېردىكى ئىملا مەشىقى ئويۇنلىرىنى ئويناشقا رۇخسەت قىلىش، ئىملاسى خاتا يېزىلغان

ماقالىلەرنى كوررېكتور دېتاللىرى ئارقىلىق تۈزىتىشكە يېتەكلەش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياردەم قىلالايسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك يانچۇق لۇغىتى ئېلىپ بېرىشكىمۇ سەل قارىماڭ.

ئىملانىڭ توغرا بولماسلىقىنى پەقەت گىراماتىكا سەۋىيەسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىغا دۆڭگەپ قويۇش ئارىمىزدا مودا بولۇۋاتقان بىرخىل قاراشتۇر، لېكىن مەن بۇنىڭ يېتەرسىز قاراش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىملاسى ياخشى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق كەمچىلىكى شۇكى، ئۇلار سۆزلەرنى پەقەت تەلەپپۇز قىلىنىشىغا ئاساسەنلا يازىدۇ. مەسىلەن، ئىككەيلەن (توغرىسى: ئىككىيلەن)، ئۆگۈنۈش (توغرىسى: ئۆگىنىش)، ئۆدەك (توغرىسى: ئۆردەك).

ئەڭ مۇھىمى، ئىملاسى ناچار ئوقۇغۇچىلارنى ھەرگىز كەمسىتمەسلىك ۋە ئۇلارنى «دۆت» دەپ قارىماسلىق كېرەك، چۈنكى ئىملاسىنىڭ خاتا بولۇشى ئۇنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

**76. دائىم گىراماتىكىلىق خاتالىق ئۆتكۈزىدىغان بالىلارغا رەسىملىك كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، قىزىقارلىق ھېكايە - چۆچەك قاتارلىق ھەرخىل ئوقۇشلۇقلارنى كۆپرەك ئوقۇتۇڭ.**

ئۆزلۈكىدىن كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن بالىلارنىڭ ئوقۇش - يېزىش سەۋىيەسى ناھايىتى تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ۋە ھېكايە - ماقالە يازغاندىمۇ ھېسسىياتىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەيدۇ.

مەن ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ گىراماتىكا سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جۈملىلەرنى رەسىملىك چۈشەندۈرۈش، گىراماتىكا ئويۇنى ئويناش، گىراماتىكا مەشىقى قىلدۇرۇش، گىراماتىكا كىتابلىرىنى ئىشلىتىش ۋە بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلەتكۈزۈشكە ئوخشاش ھەرخىل

ماھارەتلەرنى ئويلاپ چىقىپ سىناپ باقتىم. ئۆزلۈكىدىن كىتاب ئوقۇش ئادىتى بار ئوقۇغۇچىلار بۇنداق ۋاقىتلاردا مۇرەككەپ گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىلارنى ئىشلىتەلىدى، قوللانغان سۆز - جۈملىلىرى ناھايىتى لوگىكىلىق، مۇرەككەپ جۈملىلەردىكى ئاددىي جۈملىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇشى ناھايىتى راۋان چىقتى ھەمدە يۇقىرىقىدەك ئويۇن - مەشىقلەردە ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك ياخشى بولدى. ئەكسىچە، مەكتەپتىكى ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇمايدىغان ئوقۇغۇچىلار ھەتتا جۈملىدىكى ئىگە ياكى خەۋەرنىمۇ تاپالمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى.

ئەگەر سىز بالىڭىزغا كىتاب ئوقۇش تەربىيەسىنى قانداق قىلىشنى بىلمىسىڭىز، مېنىڭ «99 Ways to Get Kids to Love Reading» (بالىلارنى كىتابخۇمار قىلىپ تەربىيەلەشنىڭ 99 ئۇسۇلى) ناملىق كىتابىمنى ئوقۇپ باقسىڭىز بولىدۇ[9].

### 77. ھەرخىل يېزىقچىلىق پائالىيەتلىرىنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق، بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىقتا بولغان قىزىقىشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.

بەزى ئاتا - ئانىلارغا نىسبەتەن بۇنىڭ بىرئاز تەس توختايدىغانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن يەنىلا شۇ گەپ: «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە». مەن ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن تىرىشقان بىر يىگىتنى تونۇيمەن. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ ئۇن بەتلىك ئىلمىي ماقالىسىدىن مەن 100 يەردە ئىملا خاتالىقىنى ساناپ چىققانىدىم. كېيىن ئۇ بىر خاتىرە كومپيۇتېرى (لەپتوپ) ئالدى. ئاندىن ئىنتېرنېت توربەتتىن ھەرخىل مۇنەۋۋەر ماقالە - كىتابلارنى چۈشۈرۈپ ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ يازغان يازمىلىرىنى كوررېكتور ئارقىلىق ئوڭشىدى. بىر قانچە يىلدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. ھازىر ئۇنىڭ شەخسىي تور بېتى بار. ھەتتا توختىماي ئۆگىنىش جەريانىدا

---

[9] بۇ كىتاب «كىتاب سۆيگۈسى» دېگەن ئىسىم بىلەن ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنىپ بېسىلدى.

ئىككى تال لۇغەتنى كونىرتىۋەتتى.

ئەگەر سىزنىڭ بالىڭىز تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن قايسىبىرىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنى مەخسۇس بىر خاتىرە دەپتەر تۇتۇپ، بۇ ھەقتىكى مۇسابىقە خەۋەرلىرىنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرسىڭىز بولىدۇ. قەلەم بىلەن يازسىمۇ ، كۇنۇپكا تاختىسى ئارقىلىق باسسىمۇ بولىدۇ.

## 78. بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىق تاپشۇرۇقىنى ئىشلىشىگە ئامال بار ئازراق ياردەم قىلىڭ.

دەسلەپتە يېزىقچىلىق جەھەتتە قىيىنىلىپ قالغان نۇرغۇن بالىلار ئۆزىنى بەك ناچار يازىدىغاندەك، ھەتتا يېزىقچىلىقنى پەقەتلا بىلمەيدىغاندەك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلارنى رىغبەتلەندۇرۇش ۋە قايتا غەيرەتكە كەلتۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر سىز دائىم يېنىدا تۇرۇۋېلىپ ئۇنى سۈيلىسىڭىز، يازالمىغان بولسا يېزىپ بەرسىڭىز، كېيىنكى تاپشۇرۇقلىرىدا دائىم سىزگە يۆلىنىۋالىدۇ. سىزنىڭ بۇنداق «كۆيۈنۈش»ىڭىز ئەمەلىيەتتە بالىڭىزغا قىلغان زىيانكەشلىك ھېسابلىنىدۇ. سىز بالىڭىزدا كىچىكىدىن باشلاپ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى يېتىلدۇرۇشىڭىز كېرەك.

شۇڭا، بالىڭىز قاچانكى ياردەمگە چاقىرسا كېلىڭ، لېكىن زىيادە ئارىلىشىۋالماڭ. ئۇنىڭ تاپشۇرۇق ماقالىسىنى ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ. بەلكىم بۇنداق قىلىشىڭىز دەماللىققا ئۇنۇم كۆرسەتكەندەك قىلىشى مۇمكىن، لېكىن كېيىنچە بالىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

## 79. ئەگەر بالىڭىز ئۆزى يازغان ماقالىنى سىزگە كۆرسىتىپ، ياردىمىڭىزنى تەلەپ قىلسا، چوقۇم ئۇنىڭ ئاپتورلۇق سالاھىيىتىگە ھۆرمەت قىلىڭ.

بالىڭىزدىن سىزنىڭ قايسى جەھەتتىن ياردىمىڭىزگە موھتاج بولغانلىقىنى سوراپ بېقىڭ: ئىملا؟ تىنىش بەلگىلىرى؟ جۈملە قۇرۇلمىسى؟ سەۋەبى، ئۇلارنى ئۆز ماقالىسىگە نىسبەتەن

شەخسىي ھوقۇقىغا ئىگە قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماقالىنىڭ باشتىن ئاخىرى ھەممە يېرىگە چات كېرىۋالماڭ.

ئاندىن بالىڭىز بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۇ سىزدىن تەلەپ قىلغان تەرپىگىلا مەسلىھەت بېرىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز بالىڭىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سەۋىيەدىكى ماقالىنى تاماملىماقچى ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ مەقسىتىڭىز بالىڭىزنىڭ يازغۇچى بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىش. بۇنىڭ ئۈچۈن، بالىڭىز ئۆزىنىڭ ماقالىسىنى ئۆزى مۇستەقىل ھالدا پۈتتۈرۈپ كۆنۈشى كېرەك. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ماقالىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتسىڭىز، بۇ ۋاقىتتا قانداقمۇ ئۇ ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان ماقالە بولسۇن!؟

يىراقنى كۆزدە تۇتقاندا، ئاتا - ئانىلار (ياكى ئوقۇتقۇچىلار) بالىلارنىڭ ماقالىسىگە زىيادە ياردەم بېرىشى ــ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە يېزىقچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ئېغىر توسالغۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**80. بالىلارنىڭ يېزىقچىلىقتىن پۈتۈنلەي توختىتىشى كۆپىنچە ھاللاردا ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ناچارلىشىپ قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.**

مەيۈسلەنگەن، قورقۇپ كەتكەن ياكى روھىي زەربىگە ئۇچرىغان بالىلار يېزىقچىلىق قىلغاندا ئىنتايىن قىيىنىلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇلار باشقىلارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايدىغان ئىشلىرىنىڭ بايقىلىپ قېلىشىدىن قورقىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بۇ ئىشلارنى قەلەمدە ئىپادىلەپ قويسا، ئۆزلىرى يۈزلىنىشنى خالىمايدىغان ئوخشىمىغان ئازابلارغا دۇچار بولۇپ قېلىشتىن قورقىدۇ.

شۇڭا، سىز بالىڭىزنىڭ كەيپىياتىدا بۇنداق داۋالغۇش يۈز بەرگەنلىكىنى ھېس قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن ئىلھام بېرىشىڭىز كېرەك. قاتتىق تەلەپ ئۇنى تېخىمۇ ۋەھىمىگە سېلىپ، يېزىقچىلىق قىلىشقا تېخىمۇ ئامالسىز

قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ سىزگە تاپشۇرۇقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىشنى ياكى بىرەر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ. ئۇنىڭغا ئاتالىڭ بارىچە سۆز قالدۇرۇش ياكى جاۋاب خەت يېزىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق سىزگە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىڭ ۋە چوقۇم تىرىشىپ ئۇنىڭ يېزىقچىلىق توسالغۇسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشىگە ياردەم بېرىڭ.

ئەگەر سىز ھەرخىل ئاتالارنى قوللانغاندىن كېيىن بالىڭىزنىڭ كەيپىياتى يەنىلا مەيۈسلۈك، سەپرالىق ياكى يالغۇزلۇقنى خالاشقا ئوخشاش بىنورمال ھالەتتە داۋاملاشسا، ئۇنداقتا بۇ جەھەتتىكى كەسپىي كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىڭ.



# ماھىر ۋە ئىجادىي يازغۇچى بالا

**81. ئەگەر بالىڭىز يېزىقچىلىققا ئالاھىدە قىزىقسا ھەمدە بۇ جەھەتتە تالانتى بولسا، ئۇنداقتا سىز ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنىشى ئۈچۈن چوقۇم ياخشى يېتەكچىلىك قىلىڭ .**

ئەگەر بالا تەنتەربىيە، فىزىكا، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرگە قىزىقسا، ئادەتتە مەكتەپ سىستېمىسى ئارقىلىق ياخشى ئوقۇتقۇچى تاپالايدۇ. لېكىن، يېزىقچىلىق تالانتى بار بالىلار كۆپ ھاللاردا بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئىجادىي خاراكتېرلىك يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان ئوقۇتقۇچىلار ئادەتتە ھەتتا تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدىنمۇ ناھايىتى ئاز چىقىدۇ.

بالىڭىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا ياكى ئالىي مەكتەپكە چىققاندا، يېزىقچىلىققا قىزىقىدىغان بىر گۇرۇپپا ئوقۇغۇچىلار تەشكىللىنىپ ئەدەبىي ژۇرنال چىقىرىشى ياكى يېزىقچىلىق كۇرسى ئېچىشى مۇمكىن. لېكىن، بالىڭىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەڭ ياخشى يېتەكچىسى يەنىلا سىز.

**82. بالىڭىز يېزىقچىلىق سەۋىيەسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق تەپەككۇر قىلىشقا باشلايدۇ.**

بالىڭىزنىڭ يېزىقچىلىق سەۋىيەسى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭدا سۆز - جۈملىلەرنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنالايدىغان، مەكتەپتە ۋە سىز يوق ۋاقىتلاردىمۇ ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ياخشى ئەسەرلەرنى يازالايدىغان دەرىجىدە قابىلىيەت شەكىللەنگەندە، ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تېخىمۇ كېڭەيگەنلىكىنى، ئۇچرىغان مەسىلىلەرگە قارىتا ئەتراپلىق ئىنكاس قايتۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. بۇ ۋاقىتتا، سىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى، مۇنەۋۋەر تەرەپلىرى ۋە قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى يازغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئەستايىدىل مۇزاكىرىلەشسىڭىز بولىدۇ.

**83. بالىڭىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىڭ.**

سىز بالىڭىزنىڭ مۇزىكا سېزىمى بارلىقىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا يول قويامسىز؟ ئايىغى چىققاندا توپ تېپەلىگەنلىكىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ۋاراتا بولۇپ بېرەمسىز؟ شۇنداق، ھەربىر بالا تۇغۇلۇپ بىرنەچچە ياشقا كىرگەندىلا مەلۇم بىر ئىشتا باشقىلارغا قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ. سىز بالىڭىزنىڭ مەلۇم بىر تالانتقا ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىڭىزدا، ئۇنىڭ شۇ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يېزىقچىلىق قىزىقىشىنىڭ قوزغىلىشى ئۇچۇنمۇ كېرەكلىك ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا تىرىشىڭ. سىزگىمۇ مەلۇمكى، يېزىقچىلىق كەسپى ھېچ بولمىغاندا مۇزىكا ياكى تەنتەربىيەدىن ئەۋزەل ھەم مۇرەككەپ بىر ساھە.

**84. بايقاش سېزىمى يۇقىرى ۋە تەپەككۇر دائىرىسى كەڭرى بالىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرى كۆپىنچە ھاللاردا كۈچلۈك تەسەۋۋۇر ۋە جانلىق تەپسىلاتلارغا ئىگە بولىدۇ.**

بۇ خىل باللارنى بايقىۋېلىش تولىمۇ ئاسان. ئۇلار كىچىك ۋاقتىدا كۆز ئالدىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەپسىلاتىغا قىزىققانلىقى ئۈچۈن كۆپ سوئال سورايدۇ ۋە ھەرخىل خىياللارنى سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىدە ئۇلار دالا ھەۋەسكارلىرى بولۇپ، بىرلىق تۇتۇش ئۈچۈن سائەتلەپ ئولتۇرىدۇ ياكى يىراق يەرلەرگىچە پىيادە مېڭىپ تەبىئەتتىن زوق ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مېنىڭ رىچ تومبىنو ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچىم بار ئىدى. ئۇ بىر دالا ھەۋەسكارى بولۇپ، بىر ماقالىسىدە مۇنداق تەسۋىرلەرنى يازغان ئىدى:

ھازىرقى جەمئىيەت خۇددى بىر كەلكۈن سۈيىگە ئوخشايدۇ، ھەربىر كىشىنى رەھىمسىزلەرچە ئېقىتىپ ماڭىدۇ ۋە سەللا بوشاڭلىق قىلغاننى چۆكتۈرۈپ، جېنىنى ئالىدۇ. مەن ساختا پوزىتسىيە ۋە خۇشاللىق ئىچىدە لەيلەپ بېقىشقا ئۇرۇندۇم، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەربىر دولقۇن زەربىسى مېنى ئۇرغاندا قانداق نەپەس ئېلىشنى ۋە قەددىمنى قانداق تىكلەشنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم ھەمدە ئۇنى ھايات خاتىرەمگە يازدىم. مانا شۇنداق كەسكىن ھايات - ماماتلىق كۈرەشتە ئاتا - ئانام مېنى ئوبدانراق ئارام ئېلىشقا، شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى دوستلىرىم بىلەن ئويناپ كېلىشكىلا ئۈندەيدۇ، ھالبۇكى ئۇلار مۇنداق شىددەتلىك دولقۇندا يەنىلا ئويۇن - تاماشىغا بېرىلىپ كەتسەم، ئۇزۇن قالماي سۇدا تۇنجۇقۇپ قالىدىغانلىقىمغا سەل قارايدۇ.

مېنىڭچە، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدۇ ھەمدە قوللانغان سۆز - جۈملىلىرى ھەرقانداق داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن قېلىشمايدۇ. (ئۇ ھازىر تاغلىق رايوندىكى بىر ئالىي مەكتەپتە ناھايىتى خۇشال - خۇرام ئوقۇۋاتىدۇ ھەمدە بوش ۋاقىتلىرىدا يېزىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.)

**85. بايقاش سېزىمى يۇقىرى ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتى كۈچلۈك بالىلارنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ۋە يۇقىرى بىلىم - ساپاغا ئىگە قىلىشقا سەل قارىماڭ.**

مەسىلەن، شائىرنىڭ مۇنۇ شېئىرى بۇنىڭ كۈچلۈك نامايەندىسىدۇر:[10]

غالىب چوققىلار

غۇرۇر بىلەن كۆك قەرىگە ئىنتىلەر،
كەچمىشكە باي ئاقباش تاغلار دولقۇنى.
قارا بۇلۇت تاشلاپ قارا كۆلەڭگە،
كۆزىتىدۇ تىك ۋە مەغرۇر چوققىنى.

پارتلىغاندەك توپنىڭ ئوقى توساتتىن،
سادا كېلەر بۇلۇتلارنىڭ قېتىدىن.
غالىب ئۇندە جاۋاب بېرەر تاغلارمۇ،
چۈشمەي هامان باھادىرلىق ئېتىدىن.

جاراھەتكە تولدى بۇلۇت قۇچىقى،
كۆككە يەتكەن چوققىلارنىڭ بىسىدىن.
جاھان ئىزگۈ تۇيغۇلارنى قۇچىدۇ،
جىرالاردا ئاققان پەلەك يېشىدىن.

**86. بالىڭىز يازغان ئەسەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيەسى غۇۋا بولۇپ قالسا، ئۆزگەرتىپ يېزىشقا ئىلھام بېرىڭ.**

نەزەر دائىرىسى تار يازغۇچىلار ئۆزى كۆزەتكەن ئىشلاردىن مۇھىمىنى تاللاپ، ئۇنى ئۆز ئەسىرىدە مەركىزىي ئىدىيە سۈپىتىدە يارقىن ئىپادىلەشتە دائىم گاڭگىراپ قالىدۇ. ئۇلار تەپسىلىي ۋە كونكرېت ئىپادىلەشكە تېگىشلىك مەزمۇنلارنى

[10] ئىزاھات: ئوقۇرمەنلەر چۈشەنچىسىگە تېخىمۇ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى كىتابتىكى شېئىر ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، بەلكى ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ مەزكۇر شېئىردىن نەقىل قىلىپ كەلتۈرۈلدى.

غۇۋا، ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتسىمۇ بولىدىغان مەزمۇنلارنى بولسا ئادەمنى زېرىكتۈرگىدەك دەرىجىدە كەڭرى يېزىۋېتىدۇ.

لېكىن، نەزەر دائىرىسى كەڭرى، تەپەككۇر قۇۋۋىتى يۇقىرى يازغۇچىلار ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ھەتتا ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرتىپ يېزىشقا قىزىقىدۇ، بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ قايسى نۇقتىنى يارقىن ئىپادىلەشنى بىلەلىگەنلىكى، مەسىلىلەرنى چوڭقۇر نۇقتىدىن كۆزىتەلىگەنلىكى ۋە پىكرىنىڭ ئوچۇقلىقىدىن بولسا كېرەك.

**87. بالىغىزنىڭ ماھىر ۋە ئىجادىي يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۈچۈن، قەلەم قۇۋۋىتى كۈچلۈك، چىنلىققا بولغان تەلپىي يۇقىرى، پىكرى چوڭقۇر، سۆز - جۈملىلىرى مىغىزلىق ۋە ھېكمەتكە باي بولغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن.**

**88. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسلۇب بويىچە يازىدىغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ بالىغىزنىڭ مەنپەئەتلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ يازغۇچىلارنى ئالاھىدە قوللاپ بېرىشىڭىز ۋە ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلەرگە كۆپلەپ تارقىلىشىغا ياردەملىشىشىڭىز تولىمۇ زۆرۈر.**

مەن بۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ ئادەتتىكى مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىسىدا بەكلا ئاز قوللىنىشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى بايقىدىم. چۈنكى، نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى پىكرى مۇرەككەپ، چۈشىنىش قىيىن دەپ قارايدىكەن. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل يازغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى يۇقىرى، مىللىي روھى ساغلام، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تەپەككۇرى ئاجىز، نەزەر دائىرىسى تار ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن ئاسانلا تەنقىدكە ئۇچرايدۇ.

**89. ئاغزاكى ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بالىلارنىڭ يازمىلىرى كىشىگە ھەقىقەتەن ئۆزگىچە زوق ئاتا قىلىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىنى روشەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ماھىر كېلىدۇ.**

تىلى ئۆزگىچە، ئوقۇغان كىشىگە بەدىئىي زوق بېرەلەيدىغان يازمىلارنى يېزىش بۇ خىل بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندىكىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ نەسرى:

### *يوللار تىلسىمى*

*يول يۈرۈۋاتىمەن، ئېھتىمال قايمۇقۇش ئىچىدە ئېزىپ - ئادىشىپ كېتىۋاتقاندىمەن... نۇرغۇن نەرسىلەر خاتىرەمگە بىلىندۇرمەي سىڭىپ كەتتى. بىر كۈنلەر مەن مېڭىشتىن توختاپ ئارام ئالغاندا ياكى يوللارنىڭ تىلسىملىق دوقمۇشلىرىغا يەتكەندە، خاتىرەمگە سىڭىپ كىرىپ ماڭا تەئەللۇق بولۇپ قالغان ئاشۇ نەرسىلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ سېھىرلىك تۈيغۇلار دۇنياسىنى كەڭ يايىدۇ.*

*مەن يول يۈرۈشۈم كېرەك! پىنھانلىقتىكى پەرۋازلىرىم قوينىدىكى شەكىلسىز خاسىيەتلىرىم ماڭا ھەقىقەتلەر ھەققىدە توختاۋسىز ھېكايە سۆزلەيدۇ. كۈنلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھاياتبەخش ئىستەكلەر ھەم ئىشەنچلەر سەزگۈلىرىمنى قورشاپ بارىدۇ.*

*مەن يول يۈرۈشۈم كېرەك. مەنىلەر توختاۋسىز شىۋىرلايدۇ، كىرىپىك ئۇچلىرىمدىن ياشلىق رىۋايەتلىرى چېچىلغاندەك ھەم قەدەملىرىم ۋەزنىلىرىدە تۇغۇلۇپ بارغىنىمدەك!*

*يوللار بەھرىدە ھەم قەھرىدە چېچەكلىگەن ئىستەكلىرىم يۈرىكىمدە، يۈرىكىمدەك يۈرەكلەردە جاراڭلاپ، چەكسىز ئۇچقۇر يوللار كەم كۈيلەر ساماسى تۈزىدۇ...*

*مەن يول يۈرۈشۈم كېرەك! مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ــ چاڭقىغان*

*يېشــىللىق پىنھانلىرىدىن كۆز ئاچىــدۇ. كۆزلىرىمدە مەيلى ياش، مەيلــى كۈلكــە شــولا تاشلىســۇن، ئــۇ يولــلار تىلســىمىنىڭ خاس قــونالغۇســىدا ئۆزگىچە ۋىســال تاپىدۇ.*

**90. ســىز ســۆز ئىشلىتىشــكە ماھىــر، يېزىقچىلىقتــا ھــەۋەس قىلىدىغــان بالىڭىزنىڭ پەرقلىق بايــان قىلىش ئۇســۇلى ئۇســتىدە ئىزدىنىشــىگە يــاردەم قىلىڭ.**

ئەدەبىي ئەســەرلەرنىڭ تىلى ئومۇمەن ئىككــى تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىــرى، ئاپتــور تىلى؛ يەنە بىرى، پېرســوناژ تىلى.

ئەســەرلەردە ئاپتــور تىلــى ۋەقەلەرنــى، پېرســوناژلارنى ۋە مەنزىرىلەرنــى تەســۋىرلىگەندىن تاشــقىرى، يازغۇچىلارنىڭ پېرســوناژلارغا ھــەم ۋەقەلەرگــە تۇتقــان پوزىتسىيەســى، باھاســى، مۇھەببەــت - نەپرىتــى قاتارلىقلارنىمــۇ ئىپادىلەيدۇ. شــۇڭا كىتابخانــلار ئېپىــك ئەســەرلەرنى ئوقۇغانــدا، ئــۇ ئەســەرلەردە سۈرەتلەنگەن خىلمۇخىــل ۋەقەلــەر، پېرســوناژلار، مەنزىرىلــەر بىلــەن ئۇچرىشــىپلا قالماســتىن، بەلكــى ئەنــە شــۇ ۋەقەلەرنــى، پېرســوناژلارنى ۋە مەنزىرىلەرنــى بايــان قىلغۇچــى ئاپتــور بىلەنمــۇ ئۇچرىشــىدۇ. بايــان قىلغۇچىمــۇ مۇئەييــەن ئىندىۋىدۇئــال خۇسۇســىيەتكە ئىگــە بولغــان تىــل ئارقىلىــق گەۋدىلىنىــدۇ. چۈنكــى ھەربىر يازغۇچىنىــڭ ئەدەبىي ئىجادىيــەت جەريانىدا تىل ئىشلىتىشــى ئۆزلىرىگــە خــاس ئالاھىدىلىكلەرگــە ئىگــە.

پېرســوناژ تىلى ــ پېرسوناژلارنىڭ دىيالوگ ۋە مونولوگلىرىدىن ئىبــارەت. ئــۇ ـــ پېرســوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئــال خاراكتېرىنــى ئېچىــپ بېرىشــنىڭ مۇھىــم ۋاســىتىلىرىدىن بىــرى. يازغۇچىلار پېرســوناژلارنىڭ ئوخشــاش بولمىغــان تۇرمــۇش شــارائىتى، سەرگۈزەشــتىلىرى، ئــۆرپ - ئادىتــى ۋە ئىدىيەۋى خۇسۇســىيىتىگە ئاساســەن ئۇلارنىــڭ ھەرقايسىســىنى ئۆزلىرىگــە خــاس تىلــدا سۆزلىتىــپ، ئۇلارنىــڭ ئىندىۋىدۇئــال خاراكتېرلىرىنــى ئىپادىلەشــكە تىرىشــىدۇ. بــۇ جەھەتتىــە پېرســوناژ تىلــى ئالاھىدە رول ئوينايــدۇ. شــۇنىڭ ئۈچــۈن، پېرســوناژ تىلىنىــڭ ئالدىنقى شــەرتلىرىدىن بىرى ــ پېرسوناژلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىنى

كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

يىغىپ ئېيتقاندا، بالىڭىز ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى بۇ ئىككى خىل بايان تىلىنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ رولىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى ماھىرلىق بىلەن قوللىنىش، قايسى ئورۇنلارنى ئاپتور تىلى بىلەن ئىپادىلەپ، قايسى ئورۇنلارنى پېرسوناژ تىلى بىلەن ئىپادىلىگەندە، نادىر بىر ئەسەرنى پۈتتۈرۈپ چىقالايدىغانلىقى ھەققىدە ئىزدىنىشكە ۋە بۇ جەھەتتە داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئېپىك ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇشقا يېتەكلەڭ.

**91. سىز يېزىقچىلىقتا ھەۋەس قىلىدىغان بالىڭىزغا پېرسوناژ بىلەن مۇھىت تەسۋىرىنى قانداق باغلىغاندا نادىر ئەسەر يېزىپ چىقالايدىغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بېرىڭ.**

نۇرغۇن بالا يازغۇچىلار مۇھىت تەسۋىرىنىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. مۇھىت تەسۋىرى بىلەن پېرسوناژ تەسۋىرى بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى؛ پېرسوناژنىڭ تىپىكلىكى پەقەت تىپىك مۇھىت ئىچىدىلا ئاندىن تولۇق گەۋدىلىنىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ تىپىك پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى؛ مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ تىپىكلىكى بولسا، ھەرقايسى تىپىك پېرسوناژ (تىپىك خاراكتېر)لار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئارقىلىقلا ئاندىن توغرا، چوڭقۇر ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇڭ.

مەسىلەن، «ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان، ساقاللىق بۇ كىشى ئۆز يۇرتىدا <جاھانكەزدى سۈپۈرگە> دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. سۈپۈرگە كىچىكىدىنلا خىيالچان بالا ئىدى. باش باھاردا ئېرىق بويلىرىدا پەيدا بولىدىغان يۇمران مايسىلار، ئاق ۋە ھالرەڭ تاۋلىنىپ تۇرىدىغان چېچەكلەر ئۇنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى. يوپۇرماقلىرى ئەمدىلەتىن تەڭگە بولۇۋاتقان تاللارنىڭ شېخىغا قونۇپ سايرىشىۋاتقان باھار قۇشلىرىغا

قاراپ ئۇ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. بۇ قۇشلار زىمىستان قىش كۈنلىرى نەلەرگە يوقىلىپ كېتىدۇ، باھار كۈنلىرى بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كېلەلەيدۇ؟... يۇلتۇزلار كۈندۈزى قەيەرگە مۆكۈنۈۋالىدۇ؟... ئېرىقتىكى سۇلار قانداق كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئاقىدۇ؟... ھۆركىرەۋاتقان بوران، گۈلدۈرلەپ چاقنىغان چاقماقلار نېمىنىڭ غەزىپى؟... ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىدۇ؟ بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى زادى كىم؟... يەنە شۇنداق نۇرغۇن چىگىش سوئاللار ئۇنىڭ خىيال دۇنياسىدا ئەگىپ يۈرەتتى. سېھىرلىك ئايدىڭ كېچىلەر، يۇرتىنى، قېرىنداشلىرىنى تاشلاپ ئۆز ئاشىقىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىپ بارغان ئايال، جاينامازدا ئولتۇرۇپ باللىرىنىڭ بەختىنى تىلەپ يىغلاپ دۇئا ئوقۇۋاتقان ئانا، سەھەردە ئاڭلانغان مۇڭلۇق ئەزان ئاۋازى سۈپۈرگىنىڭ باللىق قەلبىگە ھەسرەتلىك ھېسسىياتلارنى بېغىشلايتتى»[11].

**92. بالىغىزغا ساتىرىك ئەسەرلەرنىمۇ[12] ئېلىپ بېرىڭ.**

**93. ھەرخىل شەكىلدىكى كىنايە ۋە قىزىقارلىق سۆز - جۈملىلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بالىغىز بەلكىم بۇنى ياقتۇرمايدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن.**

بۇنداق ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە بۇرۇقتۇرما خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى يېزىشنى ياقتۇرمايدۇ. ئەلۋەتتە، ماقالىگە ئازراق ھەجۋىي تۈردىكى مەزمۇنلار، كىنايە ياكى يۇمۇرىستىك سۆز - جۈملىلەر قوشۇلسا ماقالىنى تېخىمۇ جانلاندۇرىدۇ - دە، ئوقۇرمەنلەرنى ئۆزگىچە قىزىقتۇرىدۇ. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار

---

[11] ئىزاھات: ئوقۇرمەنلەر چۈشەنچىسىگە تېخىمۇ قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، ئەسلى كىتابتىكى تەسۋىر ئەينەن تەرجىمە قىلىنماستىن، بەلكى يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «قۇم باسقان شەھەر» ناملىق رومانىدىن نەقىل قىلىپ كەلتۈرۈلدى.

[12] ساتىرىك ئەسەر ـ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەلۇم تەرىپى ياكى ئايرىم گۇرۇھ ۋە شەخسلەرنىڭ يارىماس، سەلبىي خۇسۇسىيەتلىرىدىن ئاچچىق كۈلۈپ ۋە ئۇنى تەنقىدىي تەسۋىرلەپ يېزىلغان ھەجۋى ئەسەر. ساتىرىك ئەسەرلەر تۈرلۈك ژانىرلاردا (رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ۋە باشقا ژانىرلاردا) يېزىلىشى مۇمكىن ـ تەرجىماندىن.

مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن يەنە بەزى مۇتەئەسسىپ ئوقۇتقۇچىلار بالىلىرنى «مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ» دەپ قارىۋالىدۇ. ھالبۇكى، بالىلىرنىڭ ھەرگىز بۇنداق مەقسىتى يوق بولۇشى مۇمكىن.

ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇرلىنىش كىشىگە ئۆزگىچە شادلىق بېغىشلايدۇ.



**94. بەزى بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرلەش ياكى بايان قىلىش ئىقتىدارى ئانچە كۈچلۈك بولمىسىمۇ، لېكىن ھېكايە سۆزلەشكە ئۇستا.**

مېنىڭ قارىشىمدا، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار كەڭ دائىرىلىك ئۇچۇر قوبۇل قىلىشتا ماھىر ھەمدە چۈشىنىش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇلار فانتازىيەلىك ھېكايە، تەنتەربىيە، ئۇرۇش ياكى كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلارغا قىزىقىدۇ. ئەگەر ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن، يەنە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىنىمۇ كۈچلەندۈرسە ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە جەلپ قىلارلىق شەكىلدە ئىپادىلەپ بېرەلىسە، ئۇلار ناھايىتى مۇنەۋۋەر يازغۇچىلاردىن

بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**95. ھەۋەسكار بالىلارنىڭ دەسلەپكى يازمىلىرى گەرچە بىرئاز مەنىسىز ۋە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى چوقۇم يېزىقچىلىقتا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرۇش كېرەك.**

ئەلۋەتتە، بۇ خىل بالىلارنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرى بەلكىم باشقا بالىلارنىڭكىدەك نادىر ۋە مەپتۇن قىلارلىق چىقماسلىقى، ھەتتا ئوقۇغان كىشىنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، بىزدە: «رىم بىر كۈندىلا پۈتكەن ئەمەس» دەيدىغان بىر گەپ بار. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پۇرسەت بېرىڭ، رىغبەتلەندۈرۈڭ. ئۇلار ھازىر ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ئۈچۈر - مەلۇمات ۋە تەجرىبە توپلاش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر رىغبەتلەندۈرۈش ئىچىدە ياخشى يېتەكلەنسىلا، كەلگۈسىدە ماھىر يازغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى تامامەن مۇمكىن.

**96. ئۇلارنىڭ يازمىلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلارغا ئىجادىي ئەسەرلەرنى يېزىش تەكلىپىنى بېرىڭ.**

بالا يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ تېخىمۇ تىرىشچان ۋە ئىزدىنىشچان بولۇپ كېتىدۇ ھەمدە باشقىلارنىڭ يېتەكچىلىك قىلىشىغا تېخىمۇ مايىل بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئىجادىي خاراكتېرلىك ۋە كۆچلۈك پىكىرلىك ئەسەرلەرنى يېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇڭ. ئەگەر بۇ ھەقتە بىرەر پىكىر كاللىسىغا كەلمىسە، سىز ياردەم قىلىڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، بالىڭىزنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەسۋىرلەرنىڭمۇ ئۆزگىچە ۋە جانلىق چىقىشى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن پىكىرلىشىڭ.

**97. ئىجادىي ماقالە - ئەسەرلەرنى يېزىش ئالاھىدىلىكى بار بالىلارغا داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ بېرىشكە سەل قارىماڭ. داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆپ ئوقۇش بالىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە قۇۋۋەت قوشۇپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.**

بۇنداق قوللاش ۋە تەربىيە ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالا يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىشىنى قايىل قىلىدىغان، ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق ۋە سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يازالايدۇ، شۇنداقلا كەلگۈسىدىمۇ بۇلارنىڭ داڭلىق يازغۇچىلاردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يۇقىرى.

**98. نورمال ئەھۋالدا، ئىجادىي پىكىرلىك بالا يازغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ھەر جەھەتتىكى ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەمەلىي بىلىملەرنى ئىگىلىشىمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىنى قوزغايدۇ.**

بۇنداق ئوقۇغۇچىلار بەزىدە ئۆزىدىن چوڭ يازغۇچىلارنىڭ مۇجمەل ۋە سۈپەتسىز ئەسەرلىرىنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن بىزارلىق ھېس قىلىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ شەخسىي پىكىرلىرىنى ۋە ئىلمىي پاكىتقا ئىگە تەنقىدىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىپادىسى ھەر جەھەتتىن ياخشى ئوقۇغۇچىلاردۇر.

# خاتىمە

**99. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بالىڭىزنىڭ ياخشى، پەزىلەتلىك ئادەم بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۇنىڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدىن مۇھىم.**

بىز كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بالىلارنىڭ مەكتەپتىكى ئوقۇش نەتىجىسى ۋە يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگىلا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىپ، تۇرمۇشتىكى چوڭ - كىچىك ئىشلار ۋە مەجبۇرىيەتلەرگە قارىتا ئەخلاقىي پوزىتسىيەسىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىغا سەل قارايمىز. لېكىن، مەن بۇنداق بولغاندا بالىلارنى شەخسىيەتچى، تەكەببۇر ۋە مەنمەنچى قىلىپ يېتىلدۈرۈپ قويۇشىمىزدىن ئەنسىرەيمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، تالانتلىق يازغۇچىلار چوقۇم دۇرۇس، ياخشى ۋە پەزىلەتلىك ئادەم بولۇشى كېرەك، شۇندىلا ئۇلار ئۆز يازمىلىرىدىمۇ گۈزەل ئەخلاقلارنى مەدھىيەلەيدۇ ھەمدە كىشىلەرنى دۇرۇسلۇق، سەمىمىيەت ۋە ياخشىلىقلارغا ئۈندەيدۇ.